
مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژورنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژورناللار سېپىگە كىرگەن ژورنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژورنال
MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE
美拉斯
مىراس
6
2011
ISSN 1004-3829
12
9 771004 382027

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈنتۈلماس چاغلار



تۈنۈگۈننى ئەسلىدۇق، نەزەر سالدۇق ئەتىگە،
بېغىشلىدى يەتتىنچى قۇرۇلتاي كۈچ- جاسارەت.
گۈللەندۈرۈپ بوشاشماي ئەدەبىيات- سەنئەتنى،
گۈزەل شىنجاڭ قۇرىمىز بولۇپ ئىناق تائابەد!

ئەدەبىيات- سەنئەتچى ۋەكىللىرى سۆيۈنۈپ،
ئالتۇن كۈزدە جەم بولدۇق قۇتلۇق كاتتا يىغىنغا.
قۇچاق ئاچتى بىزلەرگە كۆركەم خەلق سارىيى،
شادلىقىمىز جۇش ئۇرۇپ ئايلاندى زور ئىقىنغا.

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال    2011 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 128 ـ سان)



باش مۇھەررىر:
ۋاھىتجان غوپۇر
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
مۇھەررىرلەر:
نۇرنىسا باقى
خۇرشىدەئاي مەتمىن
ئەزىزە تۇيغۇن
جاۋابكار مۇھەررىر:
نۇرنىسا باقى
باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## دۇنياغا نەزەر

دۇنيادا يېڭى يىلنى خاتىرىلەشتىكى خىلمۇخىل ئادەتلەر ... ماخمۇت زەيدى (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسەسى ........ توپلىغۇچى: پانتاسوف (رۇسىيە) (8)
ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھلار توغرىسىدا ... مېھرىبان نىياز (14)
رەشىد رەھمەتى ئارات ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ..........
.............................. يۇسۇپجان ياسىن (36)
ئاخباراتچىلىق ۋە مەدەنىيەت .................. زەينۇرە مەخسۇم (64)

## ئايدىڭ كېچىلەر

ئەللەي ناخشىسى ................ توپلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (19)

## ئادەت قېرىماس

ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە «گۈل چاي» ئويۇنى ... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (21)
توپۇق ئويۇنى .................................. مەۋلان غوجى (61)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئىككى مەسەل ................................ مۇھەممەت ئىمىن (26)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


دۆلەت ئىلمى ھەققىدە ............................ جى شيەنلىن (31)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


شاھزادە ۋە مەلىكە ......................... توپلىغۇچى: پازىل قادىر (53)


## ئادەم قولاقتىن سەمىرەر


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
7 ـ قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى ........................ (68)
18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى
ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى .................................... (69)


## ئومۇمىي مۇندەرىجە


«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىلىدىن 2009 ـ يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي
مۇندەرىجىسى .......................... نۇرنىسا باقى (70)


## «مىراس» ژۇرنىلىدىكى بارلىق مۇھەررىرلەردىن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يېڭى يىللىق سالام!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلىرىنى لايىھەلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **ياڭ ۋېنمىڭ** تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 2 ـ 3 ـ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **ئەيبو** تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدىكى رەسىمنى **يۈسۈپجان تۇرسۇن** تارتقان


Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hurnisa Baki


## 保护文化遗产 捍卫精神家园


总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# دۇنيادا يېڭى يىلنى خاتىرىلەشتىكى خىلمۇخىل ئادەتلەر (1)

**ماخمۇت زەيدى**

تۇرمۇشىمىز-
دا ھەر خىل بايراملار بار.
لېكىن بۇلاردىن ئۆزگىچە ئۆتكۈزۈ-
لىدىغان بىر خىل بايرام بار، ئۇ بولسىمۇ
يېڭى يىل بايرىمىدۇر. قايسى مىللەت بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر يېڭى يىل ئالاھىدە قىزغىن ۋە ئۇ-
مىدۋارلىق كەيپىيات ئىچىدە خاتىرىلىنىدۇ. ئېلىمىز
خەلقلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، يەر شارىنىڭ ھەرقايسى قىت-
ئەلىرىدىكى مىللەت ۋە خەلقلەر يېڭى يىلنى يېڭى كۈن
كېلىش ھارپىسىدا ئۆزگىچە شەكىللەردە بايرام قىلىدۇ.

يېڭى يىل بايرىمى توغرىسىدا گەپ ئېچىلسا، كۆز ئالدى-
مىزغا ھەر خىل گۈللەر بىلەن ياكى يېشىل ئارچا شاخلىرى بىلەن
بېزەلگەن زاللار كېلىدۇ. شۇنىڭدەك يېڭى يىلغا بېغىشلانغان قار
بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شوخ باللار، ھەر خىل ئارچا، گۈل-
لەرنى تۇتۇپ ناخشا- قوشاقلارنى ياڭرىتىۋاتقان مەنزىرە نامايان
بولىدۇ. يىل ئاخىرلىشىپ قىشنىڭ سوغۇقىغا پىسەنت قىلمىغان كە-
شىلەرنىڭ يېڭى يىل ھارپىسىدىكى روھىنى بىر دېمەك...

دەرۋەقە نۇرغۇنلىغان ئەللەردە يېشىل ئارچا يېڭى يىل سىم-
ۋولى ھېسابلىنىدۇ.

بىر زامانلاردا سلاۋيان خەلقلىرى ۋە باشقا شىمالىي تەرەپ-
تە ياشىغۇچى خەلقلەر ئارچا دەرەخنى بەختىيارلىق ۋە ئاسايىش-
لىق ئېلىپ كەلگۈچى دەرەخ دەپ تونۇغان ۋە قەدىرلىگەن،
كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى يىل كېچىسى ئۆيلىرىگە ئارچى-
نى تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈشنى ئادەت قىلغان.

ئارچىنى قەدىرلەش قەدىمكى بىر خىل ئۇدۇم. بىر
زامانلاردا ئادەملەر دەرەخ ئۈستىدە ياشىغان، شۇندا-
قلا مول ھوسۇل ۋە باياشاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ دەپ
بىلگەن. يېڭى يىل كىرگەندىن كېيىنكى كۈننىڭ
بارغانسېرى ئۇزىراپ، قۇياشنىڭ ئىللىقلىقى
كۈچىيىشكە باشلىشىنى ئۆزلىرىگە بىر
خىل ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ
بىلىپ ئورمانلارنى ئاس-
راشنى



www.uyghurkitap.com



ھېس قىلىشقان. ئەينى زامان ئادەملىرىنىڭ قارىشىچە دەرەخ ئورمانىنى ئاسرىغانچە ئاتا - بوۋىلار روھى خۇشال بولۇپ، ئىش ھەرىكەتلەردە بەرىكەت بولارمىش. دۇرۇس، ئارچا ئۆسمەيدىغان جايلاردا كىشىلەر يېڭى يىلنى قانداق خاتىرىلەپ كەلگەن؟ مۇنداق جايلاردىكى خەلقلەر ئارچا بولمىسا بىر خىل يېشىل نەرسىلەردىن پايدىلانغان. ئېيتايلۇق: ۋيېتنامدا شۇ مەقسەتتە ماندارىن دەرىخىدىن پايدىلىنىدۇ. پەقەت ئارچىلا ئەمەس بەلكى قار بوۋا قەدىمىي زاماندىن بار. مەجوسى دىنىدا ئۇ شىمالدىكى سوغۇق شامال خۇداسىنىڭ سىمۋولى سانىلىپ كەلگەن. نەقىل قىلىشلىرىچە سوغۇق شامال خۇداسى مۇزدىن قۇرۇلغان قەسىردە ھەر يىلى قىش پەسلىدە قۇياش يۈزىنى توسۇپ، پەقەت باھاردىلا ئۇنىڭ يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىپ تاشلارمىش.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سوغۇق قىشنىڭ خۇداسى كۆزىمىزدە قار بوۋاي سياقىدا نامايان بولىدىغان بولغان. كېيىنكى زامانلاردا قار بوۋا مەجوسىلەر دىنىدىكى مۇقەددەسلىك مەنىسىنى يوقىتىپ ئادەملەرنىڭ دوستىغا ئايلاندى. مانا بىر قانچە ئون يىللاردىن بۇيان ھەر سەپەر يېڭى يىل كىرىش ھارپىسىدا ئۇ ھەر تۈرلۈك سوۋغاتلار بىلەن تولغان سومكىسىنى يەلكىسىگە ئارتىپ، كىشىلەرنى بەخت- سائادەتكە چاقىرىش ئۈچۈن يىراق شىمالىي ئورمانلاردىن كېلىدىكەن.

كېلىڭ بۇرادەر يېڭى يىل ئىشىكىمىزنى قاقماقتا. دۇنيادا كىشىلەر يېڭى يىلنى قانداق شەكىللەردە ئۆتكۈزىدۇ، غايىبانە بىز چەت مەملىكەتلەرنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

يېڭى يىل شەرقتىن باشلىنىدۇ. شۇنداق بولسا ئۇنى ئەڭ ئالدىن كىم قەيەردە قارشى ئالىدۇ؟ ياكى قارشى ئېلىشقان ئىدى؟

يەر شارىدا يېڭى يىلنى ئەڭ ئالدىن تۇنجى بولۇپ تىنچ ئوكياندىكى بىر ئارالدا (تارىختا بۇ ئارالنى فىدجى ئارخى پېلاگ دەپ ئاتالغان) ياشىغۇچى خەلق كۈتۈۋالىدۇ. بۇ ئارال 320 تارماقتىن ئىبارەت بولۇپ ئاراللارنىڭ يېرىمىدىن ئازراقىدا ئاھالە ياشايدۇ.

1. باشقا ئەللەردىن پەرقلىق يوسۇندا ياپونىيەدە يېڭى يىلنى كەچلىكى ئەمەس، بەلكى تاڭ ۋاقتىدا، دەل قۇياشنىڭ چىقىشىنى نىشانلاپ خاتىرىلەيدۇ. يېڭى يىل كېچىسى شەھەر ۋە قىشلاقلاردىكى ئىبادەتخانا ئادەتتە 108 قېتىم داڭ ئۇرىدۇ. مەلۇمكى ياپونىيەدە 100 ۋە سەككىز رەقەملىرى بەختكە سىمۋول ھېسابلىنىدۇ. يېڭى يىل كېچىسى چېلىنىدىغان سىگنالى (باڭى) داڭى رادىيو دولقۇنلىرى ئارقىلىق ياڭرىتىلىدۇ. 108 قېتىم ئۇرۇلغان باڭ سىگنالى بارلىق جايلارغا ئاڭلانغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا يېڭى يىل خاتىرىسى كېچىككەن بولىدۇ. مۇبادا بىرەر ئادەم غەپلەت بېسىپ قاتتىق ئۇيقۇدا ياتسا، ئۇ كىشى يېڭى يىلدا بولىدىغان ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ھېسابلىنىدۇ.

ياپونىيە ئائىللىرى يېڭى يىلغا ئەنئەنىۋى تائاملارنى داستىخانغا ھازىرلايدۇ. ھەرقايسى ئائىلىدە توقچىلىق نىشانى سۈپىتىدە گۈرۈچتىن ئىشلەنگەن پېچىنە، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ئۇزۇن ئىنچىكە «مەكەرۇن» (ياپونچە يېمەكلىك) پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىلدىكى يېمەكلىكلەر، مەسىلەن، زاغرا بېلىقتىن تەييارلانغان يېمەكلىك بولسا كۈچ - قۇدرەتلىك بولۇشنىڭ نىشانى دەپ بىلىنىدۇ. بايرام ھارپىسىدا جىمىكى خانە ئۆيلەردە رەڭگلەرگە بويالغان نېمەتلەرنى ياساپ، يېڭى يىل كۈنىدە ئېچىلىدۇ. باللار يېڭى يىلدا نېمىنى ئارزۇ قىلسا، شۇنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى ياستۇقى ئاستىغا قويۇپ ئۇخلايدىكەن.

1- ئاينىڭ دەسلەپكى ئۈچ كۈنىدە ياپونلار ئۆزئارا بىر- بىرىنى يوقلىشىدۇ. ھەرقايسى كەسىپ ئىگىلىرى مەيلى تىككۈچى، سودىگەر، مۇئەللىملەر ياكى كىر يۇغۇچىلار بولسۇن ئۆز خېرىدارلىرىغا سەممىمىي ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى يىلغا سوۋغاتلار راسلاش ئومۇمىي يوسۇندىكى ئادەتكە ئايلانغان. ياپونلاردا يېڭى يىل كېلىشتىن ئالدىن ئۆيدىكى تۇلۇڭ ۋە ئىدىشلارنى بۇلاق سۈيى ياكى قۇدۇق سۈيى بىلەن تولدۇرۇپ قويىدۇ.

يېڭى يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ نامايىشى بولىدۇ. يېزىلاردا بولسا قىزلار بامبۇكتىن ياسالغان سېۋەتلىرىگە باھارنىڭ نىشانى ئۈچۈن كوكاتلار تېرىشىدۇ. بۇ كوكاتلار گۈرۈچ بىلەن بىرگە قاينىتىلىپ، ئەتىگەنلىكى ناشتىلىقى ئۈچۈن «دىزونى» (بىر خىل يېمەكلىك) تەييارلىنىدۇ. ئەتىسىگە يەنى كېيىنكى كۈنى بولسا يېڭى يىلغا تەييارلىغان قارىغاي شاخلىرى تاشقىرىغا تاشلىۋېتىلىدۇ، بۇ يېڭى يىللىق بايرامنىڭ تۈگىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل جەمئىيەت ئۆز ئىش-

ھەركىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

2. ھىندونېزىيەدە يېڭى يىل خاتىرىسىنى باشقا ئەللەر- دىكىدىن كۆپ ئىلگىرى ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سە- ۋەبى: بۇ جايدىكى يىلنىڭ ئۇزاقلىقى 210 كۈنگە باراۋەر.

3. كورېيە دېموكراتىك رېسپوبلىكىسى يېڭى يىلنى ھەرقايسى كوچا، باغلاردا كەڭ كۆلەملىك ساياھەت شەكلى بىلەن خاتىرىلەيدۇ. تۈرلۈك مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈ- لىدۇ، خوتۇن - قىزلارنىڭ تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى قىزىپ كېتىدۇ.

4. ۋيېتنامدا قەدىمدىن ئاي كالېندارى قوللىنىپ كې- لىنگەن سەۋەبلىك، يېڭى يىل ھەر خىل پەسىللەردە كۈتۈ- ۋېلىنىدۇ. ۋيېتناملىقلار يېڭى يىل بايرىمىنى «تەت» دەپ ئاتايدۇ. يېڭى يىل بايرىمى كۆپىنچە ئەتىياز مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئاياغلى- شىپ دەم ئېلىش پۇرسىتى بولىدۇ. ئادەتتە ئاھالىلەر ياشلار بايرام كۈنلىرىدە يېقىن كىشىلىرىنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى- نىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىشىدۇ. يىلنىڭ قالغان كۈنلە- رىنىمۇ، خۇددى بايرام ھېسسىياتى بىلەن خۇش مۇئامىلە ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلغان. يېڭى يىل كېچىسى ئۇلار يېقىن ئادەملىرىگە ئەمەدلەتتىن غۇنچە ئېچىلىشقا تەمشەلگەن شاپتۇل كۆچىتىنىڭ شاخلىرى- نى، ئالتۇن رەڭدىكى ماندارىن شاخلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئائىلە جەمەتلىرى ئۆزئارا بىر يەرگە يىغىلىپ گۈلخان يېقىپ گۈلخان ئەتراپىدا خىلى ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. بىر- بىر- لىرىگە قىزىقارلىق ئەستىلىك ياكى ھېكايىلەرنى ئېيتىشىدۇ. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، ۋيېتنام كىشىلىرى ئۆزلىرىنى تۇ- غۇلغان كۈندىن ئەمەس، بەلكى يېڭى يىل كۈنىدىن باشلاپ يېڭى بىر ياش ئۆستۇق دەپ ھېسابلايدۇ.

5. بىرما خەلقى يېڭى يىلنى مۇنداق ئۆتكۈزىدۇ. بىرمىلىقلار يېڭى يىلنى ئىسسىق مەزگىلدە ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، خاھ قېرىنداش بولسۇن، خاھ تونۇش ياكى ناتونۇش بولسۇن، دۇچ كەلگەن ئا- دەملەرنىڭ ئۈستىگە سۇ چېچىش ئادىتى بار، بۇ ھال ئا- دەتتە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن سۇ چېچىلغان كىشىنىڭ خاپا بولۇشى ئۇرۇنسىز.

6. كامبودژا خەلقىمۇ يېڭى يىلنى 12 - ، 13 - ئاپرېل كۈنلىرىدە نىشانلايدۇ. يېڭى يىل باشلىنىشتىن بىر نەچچە كۈن مۇقەددەم مەملىكەت پايتەختىدىكى كۆمۈش بۇددا ئىبادەتخانىسىدا بۈيۈك «قۇم تېغى» ياسىلىدۇ. ئەنە شۇ قۇم تېغىنىڭ مەركىزىدە «مېرۇ» تاغ بولۇپ، ئۇ كائىنات- نىڭ ئوقى ھېسابلىنىدۇ. نەقىل قىلىشلىرىچە، بۇ تاغ ئاستى- دا بۇددانىڭ چېچى ساقلىنارمىش. قۇم تېغىنىڭ ئېتىكىگە كىمدەكىم بىر سقىم ياكى يېرىم سقىم قۇم تاشلىسا، شۇ كىشى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن خالاس بولىدۇ دەپ تو- نۇيدۇ. بۇ قۇم تېغنى كۆپچىلىك بىرلىكتە ھاسىل قىلىدى- كەن. مەملىكەت بويىچە يېڭى يىللىق بايرام قىلىش «قۇم تاغلىرى» ياساش مۇراسىمى بىلەن باغلىق. ئەنە شۇنداق «قۇم تاغلىرى» ھەممە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ياسىلىدۇ. ئائىلە ھۇجرىلىرىدا بولسا خام ۋە قايىنتىلغان گۈرۈچتىن، بەزىدە كۆك سامىسدىن «تاغ» ياسىلىدۇ. كېيىنكى يىلى يامغۇر كۆپرەك ياغسۇن دەپ بۇددا ھەيكىلى يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. يېڭى يىل بىلەن باغلىق ناخشا - ئۇسسۇل، ئويۇن كۈلكىلەر سەھەردىن باشلىنىپ تاكى تۈن نىسپىگىچە داۋاملىشىدۇ.

7. موڭغۇلىيەدە يېڭى يىل ئىككى خىل شەكىلدە نە- شانلىنىدۇ. بىرىنچىسى، رەسمىي يېڭى يىل بولۇپ 1 - يانۋار كۈنى بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خەلقلەر يېڭى يىلنى شەرقىي ئاسىيا كالېندارىنىڭ ئاي پەسىللىرىگە مۇۋاپىق، كۆپىنچە كۆكلەمدە نىشانلىنىدۇ. كۆكلەم پەسلىدە ماللار تۆللەيدۇ ۋە يېڭى سۈت بېرىشكە باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا موڭغۇلىيەنىڭ يېڭى يىلى باشلانغان ھېسابلىنىدۇ. بايرام كۈنى ئۆي ۋە چېدىرلاردا «بوزا» دەپ ئاتىلىدىغان ئې- چىملىك تەييارلىنىدۇ. بايرام كۈنلىرى كىشى قانچە كۆپ ئوزۇق يېسە، يىلبويى توقچىلىق بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. ۋيېتنامدا بولغىنىدەك بۇ يەردىمۇ ياش ھېسابى بايرامدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئائىلىدە بايرام ھارپىسىدا تۇغۇلغان بوۋاق يېڭى يىلنىڭ ئەتىسىگە ئۇ ئىككى ياشقا تولغان بولىدۇ. موڭغۇللارنىڭ قار بوۋىسى ئۆتكەن ئە- سىرلەردىكى چوپانلارنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا قامچا، يانپىشىدا ئەنئەنىۋى تاماكىدان، چاقماق تاش ئېسىقلىق، ئۇچىسىدا بەرق پۇستىن كاتتا تۈلكە تەلپەك كىيىپ، ئۆي- ئۆيلەرگە كىرىپ كىشىلەرگە بەخت- سائادەت تىلەيدۇ. ئۆي- ئۆيلەردە تەييارلانغان تائاملارغا ئېغىز تېگىدۇ، شۇنداقمۇ بىر ئادەت باركى يېڭى يىللىق تائاملىرى پەقەت قولىدا تاماكىدان، چاقماق تاش ۋە قامچىسى بار بولغان قار بوۋىغىلا نېسىپ بولىدۇ. مۇبادا بىرەر قار بوۋا

بۇ ئۈچ نەرسىدىن بىرنى ئۇنتۇغان بولسا، ھەممە نەرسە-
دىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئىلگىرى موڭغۇلىيەدە يېڭى يىل بايرىمى بىر نەچچە
كۈن داۋام قىلاتتى. ھازىر بولسا ئىككى كۈنگە كەلتۈرۈل-
گەن. موڭغۇللار يېڭى يىل مۇراسىمى ئۈستىلىگە
مەخسۇس تەييارلانغان پىروگ (نىقابلانغان داستىخان) تار-
تىشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە كىچىك چاقا قونچاق قەلەمپۇر ۋە
شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر سېلىنىدۇ. مېھمانلارنىڭ قاي-
سىبىرى يېيىش ئۈچۈن سۇنغان قولىغا چاقا چىقسا ئۇ
كىشى يېڭى يىلدا بەختلىك بولىدۇ، قەلەمپۇر چىققىدەك
بولسا بۇ ئادەم كەلگۈسى يىلدا ياخشىلىق كۈتمىسىمۇ بول-
دۇ.

8. ھىندىستاندا يېڭى يىل مۇنداق نىشانلىنىدۇ. ھۆ-
كۈمران گۇرۇھتىكىلەر يېڭى يىلنى 1-يانۋار كۈنى نىشان-
لايدۇ. لېكىن كەڭ ئاھالە يېڭى يىل بايرىمىنى بىر قانچە
شەكىللەردە ئۆتكۈزىدۇ. ھىندىستاننىڭ شىمالىدا يېڭى يىل
13-ئاپرېل كۈنى بولىدۇ. جەنۇبىي تەرەپتە مارت ئېيىدا،
غەربىي تەرەپتە ئۆكتەبىر ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. كىرالاشتاد-
دا بولسا ئىيۇل ياكى ئاۋغۇست ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياپو-
نىيەدە بولغىنىدەك ھىندىستاندىمۇ يېڭى يىل بايرىمى كې-
چىسى ئەمەس، قۇياش چىقىشىغا ماسلاشتۇرۇپ نىشانلىنى-
دۇ.

ھىندىستانلىقلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يېڭى يىلنىڭ
بىرىنچى كۈنىدە ئومۇمىيۈزلۈك تازىلىق قىلىدۇ. ئۆتكەن
يىل ئەسلىنىپ كېلەر يىلنىڭ پىلانلىرى تۈزۈلىدۇ. بۇ
يەردە ئاجايىپ بىر خىل ئۆدۈم بار. يەنى يېڭى يىل كۈنى
ھېچكىم ئەسەبىيلەشمەسلىكى، غەزەپلەنمەسلىكى لازىم.
يىلنىڭ باشقا كۈنلىرىمۇ خۇددى بىرىنچى كۈنىدەك
ئۆتسۇن دەپ ھىندىلار بىر-بىرىگە ياخشىلىق تىلەيدۇ.

9. سىرىلانكىدا يېڭى يىل خەلقلەر مەھسۇلاتلىرىنى
يىغىشتۇرۇپ بولغاندا ئاپرېل ئېيىدا ئۆتكۈزىدۇ. مول
ھوسۇل ئالغان دېھقانلار خۇشاللىقىدىن تەبىئەتكە تەشەك-
كۈر ئېيتىدۇ. ئۆيلەردە بايرامغا ئاتاپ تائاملار راسلىنىدۇ.
قېرىنداشلار بىر-بىرىنى يوقلايدۇ، تەبرىكلىشىدۇ. مۇنەج-
جىملەر بايرام كۈنلىرى بەختنامە تۈزۈپ كەلگۈسىدە نېمە-
لەر بولۇشىنى بېشارەت قىلىشىدۇ.

10. ئافغانىستانلىقلار يېڭى يىلنى مارت ئېيىدا نىشان-
لايدۇ. شەھەر سەھرالاردا تەنتەنىلەر بولىدۇ. دالىلاردا بې-
رىنچى يوپۇقنى يېزىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئاقساقىلى ئاچىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن نورۇز باھار بايرىمى باشلىنىدۇ. شەھەر-
لىكلەر تەبىئەت مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن يېزى-
لارغا ساياھەت قىلىدۇ. بايرام كۈنلىرىدە ئىسپىرتلىق ئى-
چىملىكلەر مۇتلەق ئېغىزغا ئېلىنمايدۇ. شېرىن شەربەتلىك
ئىچىملىكلەر ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ. ئافغان ئاياللىرى
كابۇلدىكى شەھەر بېغىدا يېڭى يىل بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ.
شەھەردىكى بابۇر خىيابانىدا ئەڭ ياخشى نەسىللىك ماللار
نامايىش قىلىنىدۇ. مىللىي ناخشا - ئۇسسۇللار ئوينىلىدۇ.

11. ئىراندا ئىككى خىل كالېندار قوللىنىدۇ. بىرى
قۇياش كالېندارى. بۇ كالېندارنىڭ ئايلىرى قەدىمكى ئى-
راننىڭ زەردۇشتى روھلىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. يېڭى يىل
21-مارت كۈنى نىشانلىنىدۇ. يەنە بىر كالېندار ئاي كالېن-
دارىدۇر. بۇ كالېندار قۇياش كالېندارىدىن ئون كۈن كەم
بولۇپ، ئاي نامىلىرىمۇ قۇياش كالېندارىنىڭ ئايلىرىغا مۇ-
ۋاپىق كەلمەيدۇ.

مۇسۇلمان شىئەلەر شىئە مەزھىپىدىكى ئىرانلىقلار
يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشىدا، يەنى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىن-
چى ئون كۈنىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ھۈسە-
يىننىڭ ۋاپاتىنى يادقا ئېلىپ غەمكىن بىر قىياپەتتە بىر مۇ-
راسىم ئۆتكۈزىدۇ. شىئەلەرنىڭ قايغۇلۇق يېڭى يىلىدىن
پەرقلەنگەن ھالدا خەلق خۇش چاقچاق باھار بايرىمى ——
نورۇزنى تەبرىكلەيدۇ. بۇ بايرامغا بالدۇرراق تەييارلىق
قىلىنىدۇ، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بۇغداي ئۈندۈرۈپ
مايسا تەييارلاپ قويۇلىدۇ. چۈنكى بۇغداي مايسىسى تەبى-
ئەت ئويغىنىشىنىڭ نىشانى بولۇپ داستىخاننى بېزەپ تۇ-
رۇشى كېرەك.

ئىراندا يېڭى يىل يېقىنلاشقانسېرى كوچىلاردا ئويۇن-
تاماشا قىزىپ كېتىدۇ. كەچكى پەيتلەردە گۈلخان يېقىپ
ئۇنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈش مۇسابىقىلىرى بولىدۇ.
يېڭى يىل باشلانغانلىقنىڭ ئىپادىسى قىلىنىپ 21-مارت
كۈنى ھەرقايسى شەھەرلەردە توپ ئېتىلىدۇ. بۇ خىل تەن-
تەنىلەر بىر ھەپتە داۋاملىشىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرىغا يېڭى
باش كىيىملىرى سوۋغا راسلىنىدۇ. بايرام داستىخانلىرىغا
ئەلۋەتتە سامساق، سىركە، ئۈندۈرۈلگەن دان مايسىسى،
يېشىل يېمەكلىكلەر شىرنىسى، يېشىل ياپراق سېلىنغان سۇ
(ئاپقۇردا)، روتا مايىسى لوفا مېۋىسى، شۇنىڭدەك
تىرىك بېلىق سېلىنغان قەدەھ، بويالغان تۇخۇم ۋە ھەر خىل

نازۇ-نېمەتلەر قويۇلغان بولىدۇ.
يېڭى يىل مۇراسىمىدا ئىرانلىقلار بارچە ساپال ئـ-
ىدىشلىرىنى يېڭىلايدۇ. بۇ يېڭىلىق ياخشىلىق ئالامىتى سا-
نىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىرانلىقلار توغرىسىدا بىرەر گەپ
بولغاندا ئىرانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىدىش كەم بولسا بول-
مايدۇ دېيىشىدۇ. سائەت تىلى 12 گە جۈپلەشكەندە ھەمـ-
مىسىنىڭ قولىدا كۈمۈش تەڭگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق
بولغاندىلا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتىن، ئائىلە-
دىن جۇدا بولماس ئىمىش. نورۇز كۈنى ئىرانلىقلار بىر-
بىرىگە بەختلىك بولۇشنىڭ بېشارىتى دەپ كۈمۈش تەڭگە-
لەر بېرىدۇ. نورۇزنىڭ 13-كۈنى شەھەرلىكلەر شەھەر
سىرتىغا چىقىدۇ، يايلاق ۋە ئورمانلاردا سەيلە-ساياھەت-
لەردە بولىدۇ.
12. ئېفىئوپىيەدە يېڭى يىل مۇراسىمى سېنتەبىر ئېيى-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى يېڭى يىللىق
مۇراسىم خۇددى موڭغۇلىيەدىكىگە ئوخشاش ئۆتكۈزۈلىدۇ.
بايرام كۈنى چوڭ-كىچىك ھەممىسى شەھەر سىرتلىرىغا
چىقىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزى بىلەن بىر باغلام قۇرۇق
شاخ (ئوتۇن) تەييارلىشى كېرەك. بەلگىلىك بىر جايدا
ھەممەيلەن بىرلىكتە گۈلخان ياقىدۇ. شۇ گۈلخاننى چۆر-
دەپ ئويۇن-كۈلكە، تەنتەنىلەر خېلى بىر چاغلارغىچە دا-
ۋاملىشىدۇ.
13. كېنىيەدە يېڭى يىللىق مۇراسىم ھاۋا ئىسسىق
پەيتتە بولىدۇ. قەدىمكى زاماندىن بۇ ئەلدە يېڭى يىلنى
سۇ ئۈستىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن كۈتۈش ئادىتى بولغاچقا
چوڭ-كىچىك ھەممە ئۆستەڭ، دەريالاردا قېيىق، كېمىلەر-
گە چۈشۈپ تاماشا قىلىدۇ. كۆللەر، دېڭىز بويلىرىدا سايا-
ھەتچىلەرنىڭ ئويۇنلىرى قىزىپ كېتىدۇ. ئائىلىلەر توپ-
توپ بولۇپ كۆل ۋە دەريا بويلىرىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈ-
لىدۇ، ناخشا ئېيتىشىدۇ، تەنتەنىلەر خېلى ئۇزاقلارغىچە دا-
ۋاملىشىدۇ.
14. فىنلاندىيەدە يېڭى يىلنى ھەرقايسى ئۆيلەر ئۆز
ئالدىغا خاتىرىلىشىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدە يېڭى يىللىق
سوۋغىلار ئالدىن تەييارلاپ قويۇلىدۇ. لېكىن نازۇ-نېمەت-
لەر ئۈستىگە تاۋاقلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ-
دەك تاۋاق ئاستىدىن قانداق نېمەت چىقىشى ئۇنىڭ
بەخت تەلىيى. قەدىمىي ئادەتكە ئاساسەن يېڭى يىل كېچە-
سى فىنلاندىيەلىكلەر سامساق، پىياز بىلەن ھەسەل يېيىشى
كېرەك. فىنلاندىيە قىزلىرىنىڭ بىر غەلىتە ئادىتى بار.
يېڭى يىل كېچىسى قىزلار ئاياغلىرىنى سېلىپ قولى بىلەن
مۈرىسىدىن ئارقىسىغا ئاتىدۇ، ئەگەر ئايىغى تۇمشۇقى
بىلەن ئىشىككە تەگسە شۇ قىز ئاندىن ئالاھىدە كۈتۈشكە
مۇيەسسەر بولىدۇ.
15. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىنگلىزلار يېڭى يىلنى
مارت ئېيىدا ئۆتكۈزەتتى. 1752-يىلدا پارلامېنت يېڭى
يىلنى 1-يانۋاردا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن
كېيىن يېڭى يىل 1-يانۋاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.
ئىنگلىزلار يېڭى يىلنى ئادەتتە تەنتەنىلىك قارشى
ئالمايتتى. بىر-بىرىنى يېڭى يىل ئاخشىمى تەكلىپ قىلمـ-
سىمۇ ئادەتتە يېڭى يىل كىرىش ئاخشىمى ياكى كېچىسى
تەكلىپسىزلا خالىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يېڭى يىلنى
بىرلىكتە خاتىرىلەيدۇ. قارشى تەرەپمۇ ھېچبىر ئىككىلەنـ-
مەستىن بىرلىكتە تەنتەنە قىلىشىدۇ. قەدىمكى ئەنئەنە بويـ-
چە مېھمان بولغۇچى قوشنا-قولۇمنىڭ ئۆيىگە ئاز بولسىمۇ
بىر-ئىككى پارچە كۆمۈر ئالغاچ كېلەتتى، كۆمۈرنى
مېھمان كۈتكۈچى ئۆينىڭ ئوچىقىغا تاشلايدۇ. بۇ شۇ ئائـ-
لىنىڭ ئوتى مەڭگۈ ئۆچمەي ئىللىق تۇرۇشنى تىلىگەنلىكـ-
نىڭ ئىپادىسىدۇر.
16. شوتلاندىيەدە ئائىلە خىزمەتكارى يېڭى يىل
داستىخىنى ئۈچۈن مەخسۇس ياڭاق مېغىزى ۋە مېغىز ئا-
رىلاشتۇرۇلغان نانلارنى پىشۇرىدۇ. بۇ يەردە سائەت
ئىستىرىلكىسى 12 رەقەمنى كۆرسەتكەندە بىلەن كونا يىلنىڭ
چىقىپ يېڭى يىلنىڭ كىرىشى ئۈچۈن ئىشىكلەرنى كەڭ
ئېچىپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆي ئىگىسى كىمدۇر
بىرسىنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىشـ-
دۇ. ئېيتىشلىرىچە يىلنىڭ قانداق ئۆتۈشى خۇددى شۇ نەر-
سىگە باغلىق ئىمىش. ئەگەر مېھماننىڭ چېچى تۇم قارا
بولسا قارشى ئالغۇچىلار يىل بويى بەخت بىزگە يار بولـ-
دۇ دەپ ھېسابلايدۇ.
17. گوللاندىيەدە يېڭى يىلدا داستىخانغا مېغىز، قىيـ-
مىلىق يېمەكلىكلەر قويۇلغان بولۇش ئادەتكە ئايلانغان.
شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بۇنداق تائاملارنى ئۆي
ئىگىلىرى يىلبويى پەقەت بىر قېتىملا پىشۇرىدۇ. مەملىكەت-
نىڭ پورتلىرىدا بارلىق كېمىلەر نەق تۈندە ئۇزاق-ئۇزاق
گۈدۈك چېلىپ، سىگنال بېرىپ يېڭى يىلنىڭ كېلىۋاتقىنىنى
تەبرىكلەيدۇ.

uyghurkitap.com



18. رۇمىنىيەدە يېڭى يىل ھارپىسىدا ئائىلە بويىچە بايرام ئۈستىلى چۆرىسىدە جەم بولىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئىچىگە ھەر تۈرلۈك نەرسىلەر سېلىنغان داستىخان تەييارلىنىدۇ. تائامغا ئېغىز تەگكەن ھەر بىر كىشى يېمەكلىك ئىچىدىن چىققان نەرسىگە قاراپ ئۆز تەلىيىنىڭ قانداق بولۇشىنى پەرەز قىلىدۇ. يېڭى يىل باشلىنىشى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا قەدىمكى «كولياتكا» دەپ ئاتالغان مۇراسىم قوشاقلىرى ئېيتىلىدۇ. قوشاقچىلارنىڭ قوللىرىدا ئوت-چۆپ ياكى شاخلارغا بېكىتىلگەن قەغەز گۈللەر، چەمبىرەك ياكى قومچاقلارنى تەييارلاپ كۆرسىتىدۇ. «كەپرە» يەنى ئۆچكە دەپ ئاتالغان يېڭى يىل بايرام مۇراسىمى كەڭ تارقالغان. ئەدىيال يېپىپ قويۇلغان ئۆچكە ساقلىنى تۇتۇۋالغان كىشى مۇشۇ مۇراسىمنىڭ ئۇسسۇلىنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بارلىق ئۆيلەردە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ ۋە زىياپەتكە داخىل بولىدۇ. ئەنئەنە بويىچە رۇمىنىيەلىكلەرنىڭ سەھراسىدا يېڭى يىلنى خاتىرىلەش 14-يانۋار كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە ياشلار «پىلوگوشورولا» دەپ ئاتىلىدىغان مۇراسىمنى باشلايدۇ. بۇنىڭدا ياشلار تۆت ياكى ئالتە كالا قوشۇلغان ساپان بىلەن ئېتىزلارنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. ساپان تارتقان كالىلار ئارچا شاخلىرى، رەڭگارەڭ لېنتا ۋە ئالا-بۇلا قەغەزلەر بىلەن بېزىتىلىدۇ، يىگىتلەر ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ يېڭى بىر يىللىق ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىدۇ، مۇراسىملاردا يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ چارە تەدبىرلىرى ۋە سالامەتلىك توغرىسىدا تىلەكلەر بىلدۈرۈلىدۇ.

19. سابىق چېخوسلوۋاكىيەدە يېڭى يىللىق سوۋغا-سالامنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ بولسىمۇ تەقدىم قىلىنغان سوۋغا ياقمىسا، بايرامدىن كېيىن ئىككى كۈن ئىچىدە ماگىزىنغا بېرىپ باشقا نەرسىگە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

20. ۋېنگرىيەدە يېڭى يىل كۈنى پەقەت بەخت-سائادەت ھەققىدىلا سۆز بولىدۇ. بۇ يەردە غەلىتە بىر ئادەت بار. قىشلاقلاردا ئائىلە باشلىقى ئۆيگە بىر قۇچاق پاخال ئېلىپ كىرىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۆي خىزمەتچىسى: نېمە ئېلىپ كەلدىڭىز؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئايالغا قاراپ: «تىنچلىق بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆي ئىچىگە ھېلىقى پاخال چېچىلىدۇ.

يېڭى يىلدا داستىخاندا نە ئۆردەك، نە توخۇ، نە غاز قويۇلمايدۇ. ئۇيەردىن بەخت قۇشى كەتمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىنىدۇ. قىشلاقلاردا يېڭى يىلدا شوخ قوشاقلار ياڭرايدۇ، قاش قارايغان مەزگىلدە يىگىتلەر بىلەن قىزلار قىزىق-قىزىق لەتىپە ۋە ناخشا - قوشاقلار ئېيتىشىپ تەنتەنە قىلىشىدۇ، يېڭى يىلدا بارلىق ياش-قېرىلار خۇددى فىنلاندىيەدىكىدەك ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تائامى، سامساقتا ھەسەل سۈركەپ يېيىشىدۇ.

21. بۇلغارىيەدە يېڭى يىل كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چېلىنغان قوڭغۇراق ئاخىرقى بالڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن ھەممە ئۆيلەردە چىراغلار ئۆچۈرۈلىدۇ. شۇ پەيتلەردە كىشىلەر بىر-بىرىنى مۇبارەكلەيدۇ، ئاياللار يېڭى يىللىق داستىخانلارغا ئاتاپ پىشۇرۇلغان يېمەكلىك ئىچىگە كىچىك-كىچىك سوۋغىلار سېلىنغان بولىدۇ. كىمدەكىم بۇ يېمەكلىكلەر ئىچىدە تەڭگە سېلىنغانلىرىغا داخىل بولسا شۇ كىشى باي بولۇشتىن ئۈمىدۋار بولىدۇ. ئەگەر يېمەكلىكلەر ئىچىدىن ئەتىرگۈل غۇنچىسى سېلىنغانلىرى چىقسا، شۇ كىشى ئىشق-مۇھەببەت بابىدا ۋاپادار، بەختىيار ھېسابلىنىدۇ.

22. ئاۋسترىيەدە، تۈرخۈن تازىلىغۇچى قەدىمكى چاغلاردىن ئامەت ۋە تىنچ-ئامانلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلانغان. نەقىل قىلىشلىرىچە قەدىمكى ۋاقىتلاردا مۇبادا يېڭى يىل كۈتۈۋېلىنىدىغان كۈنى كوچىدا تۈرخۈن تازىلىغۇچى كۆرۈنۈپ قالسا، ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، كىيىملىرى ۋە يۈزلىرىنى ئۇنىڭغا سۈركەپ قارا قۇرۇمنى يۇقتۇرۇشقان، شۇنداق قىلغان كىشى يېڭى يىلدا بەختلىك بولارمىش.

23. قەدىمكى رىم شەھىرىدە يېڭى يىل بالىلارنىڭ غەلىتە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆتۈپ كەلگەن. بۇنىڭدا بالىلار ئالما يىغىپ، ئىچىگە كىچىك تەڭگە (پۇل) تىقىپ قويىدىكەن. يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ئۇنى تاشلاپ بېرىدىكەن. ئالما ئالغان كىشىلەر بالىلارغا تەڭگە بېرىدىكەن، بۇ خىل ئادەت ھازىرمۇ ئىتالىيەنىڭ كۆپ جايلىرىدا ساقلىنىپ قالغان. ئىتالىيانلارنىڭ يەنە بىر ئاجايىپ ئادىتى بار. يېڭى يىل كېچىسى ئادەملەر ئۆز ئۆيلىرىدىن كېرەكسىز دەپ قارىغان جاھازلىرىنى، دەز كەتكەن ئىدىش

تاۋاق، سۇنۇق ئورۇندۇق، ئۇستەللەرنى، قىسقىسى بارلىق ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى هويلا ياكى كوچىغا ئاچىقىپ تاشلايدۇ. بۇ ئادەتنى ئائىلىگە بەخت باشلاپ كېلىدۇ دەپ تونۇيدۇ. بۇ ئەلدىكى دېھقانلارمۇ ۋېيتناملىقلارغا ئوخشاش يېڭى يىل بايرىمىنىڭ بىرىنچى كۈنى قانداق ئۆتكۈزۈلسە يىلنىڭ قالغان كۈنلىرىمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بايرام كۈنى خاپىچىلىق بولماسلىققا، كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ.

ئىتالىيەنىڭ ئايرىم قىشلاقلىرىدا دېھقانلار 1-يانۋار كۈنى ئېتىز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت كېيىنكى مول هوسۇل ئۈچۈن دەيدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى يېڭى يىل كىرىسمۇ «هارمايلى» دېگەن گەپنى تەكرارلاپ كۈن بويى ئىش قىلماي كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئىتالىيەنىڭ يەنە بىر قىسىم جايلىرىدا قىزلار ئۆزلىرىنىڭ بەختىنى تىلەپ پال ئاچقۇزىدۇ. پال سېلىش خىلمۇخىل بولىدۇ، ئۆزئارا ئۈچ كىشى (يېقىن دوستلار) ئۈچ پارچە قەلەينى ئوچاققا سېلىپ قىزىتىدۇ. تازا قىزىغان قەلەي پارچىلىرىنى سوغۇق سۇغا تاشلايدۇ. قەلەيلەر سۇدا هەر خىل شەكىلدە قاتىدۇ. قەلەيلەرنىڭ شەكلىگە قاراپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنى بىلدۈرىدىكەن. مەسىلەن، قەلەي ئىگەر شەكىلدە بولقىغا ئوخشاپ كەتكەن بولسا، ئۇ قىز تۆمۈرچىگە ياتلىق بولىدۇ. قەلەي هەرىگە ئوخشاپراق كەتسە ياغاچچىغا ياتلىق بولىدۇ، قەلەي يەلكەنگە ئوخشاپ قالسا كېمىچىگە ياتلىق بولىدۇ دەپ هېسابلايدۇ.

نەقىل قىلىشلىرىچە، يېڭى يىلنىڭ 1-كۈنى ئىتالىيەنىڭ شەهەر قىشلاقلىرىدا «فىيەبىفە» ئىسىملىك سېهىرگەر كەمپىر پەيدا بولىدىكەن. بۇ هەقتە ئىككى خىل ئەپسانە بولۇپ بىرى ئىچى سوۋغىلار بىلەن تولغان بوغچىنى ئېشەككە ئارتىپ كەلگەن. ئۇ هەر بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ، ئېشەكنى باغلاپ قويۇپ بالىلارغا سوۋغاتلار بېرىپ كەتكەن. يەنە بىر ئەپسانىدا هېلىقى كەمپىرنى يۇلتۇزلار باشلاپ كېلىدىكەن، بۇمۇ بالىلارغا سوۋغاتلار بېرىپ غايىب بولىدىكەن.

24. سۇداندا يېڭى يىلدا پوستىدىن ئايرىلمىغان ياڭاق بەخت تۇمارى هېسابلىنىدۇ. شۇڭا سۇدانلىقلاردا يېڭى يىل هارپىسىدا يېڭى ياڭاق ئىزدەپ تېپىش ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى هېسابلىنىپ كەلگەن.

25. گۋېنىيەدە، يېڭى يىلنىڭ 1-كۈنى كوچىلارغا پىللارنى هەيدەپ چىقىدۇ. چوڭ-كىچىك بارلىق كىشىلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

26. كۇبالىقلارنىڭ ئادىتىدە يېڭى يىل كۈنى تۇرمۇشىمىز شېرىن ئۆتسۇن دەپ 31-دېكابىر كۈنى كېچە سائەت 12 بولغاندا سائەتنىڭ هەر بىر داڭ ئۇرۇشىغا ماسلاپ بىر سىقىمدىن ئۈزۈم يەيدۇ، چوقۇم يېيىشى شەرت ئىكەن.

27. مېكسىكىلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى يىللىق مۇراسىمى بار. مېهمانلار توپلانغان خانىنىڭ تورۇسىغا ئىنچىكە شېرىن مېۋىلەر تولدۇرۇلغان چوڭ «خۇم» (مېكسىكىلىقلارنىڭ سۆزى) ئېسىپ قويىدۇ. «پىنەتە» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ نەرسىنىڭ سىرتىغا هەر تۈرلۈك هەيۋەتلىك مەخلۇق ۋە هايۋانلارنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن. مېهمانلارنىڭ كۆزىنى باغلاپ نۆۋەت بىلەن قولىغا تاياق تۇتقۇزىدۇ. مېهمانلارنىڭ قايسىبىرى هېلىقى ئېسىپ قويۇلىدىغان «خۇم»نى سۇندۇرالىسا، شۇ كىشى يېڭى يىلدا چوڭ بەختكە ئېرىشىدۇ.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىدا دۇنيادىكى يېڭى يىللىق خىلمۇخىل مۇراسىملارنى تونۇشتۇردۇق. بۇ ماتېرىياللار چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان گېزىت-ژۇرناللاردىن كېسىپ ئېلىنغان ياكى خاتىرە دەپتىرىمگە كۆچۈرۈپ ئېلىنغان پارچىلاردىن تۈزۈپ چىقىلدى. جاهان مەملىكەتلىرىدە يېڭى يىلنى قانداق، قاچان كۈتۈۋېلىشتىن قەتئىينەزەر هەممە يەردە ئېزگۈ نىيەتلەر، ئېزگۈ تىلەكلەر كىشىلەر قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ۋەتەن، مىللەت، دىنىي ئېتىقادتىن قەتئىينەزەر يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش رەسىم بولۇپ قالغان دەۋرلەردىن بۇيان هەممە بىر-بىرىنى تەبرىكلىشىپ بىر-بىرىگە بەخت-سائادەت ۋە تىنچ ئامانلىق، سالامەتلىك تىلەيدۇ. هالبۇكى يېڭى يىللىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تەلىپى ۋە زىننىتىدۇر.

(بۇ ماقالەم «جاهان ئېتنوگرافىيەسىگە ساياهەت» ناملىق كىتابىمنىڭ بىر قىسمى)

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پېنسيونېرى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسەسى

توپلىغۇچى: پانتاسوف (رۇسىيە)

بۇ قىسسە رۇسىيەلىك ئالىم پانتۇسوف تەرىپىدىن ئىلى، يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن توپلىنىپ 1909 - يىلى قازان شەھىرى دارىلئۇلۇم ۋە ئەلفۇنۇن مەتبەئەسىدە چاغاتاي يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈرنەكلەر» ناملىق كىتابتىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاغدۇرۇلدى، بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاهات بېرىلدى. بۇ قىسسە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا رايونىمىزدىكى مەتبەئەلەردە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى، بۇ قېتىم ئەسەرنىڭ رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن دەسلەپ خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭدىن 100 يىل ئاۋۋالقى نۇسخىسى شۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى توغرا ئىپادىلەش يولى بىلەن ئەينەن بېرىلدى، ئىشىنىمىزكى، بۇ كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاهىدىلىكلىرىدىن خەۋەرلەندۇرگۈسى.

تارانچىلار ئارىسىدا شۇنداق نەقىل ۋە هېكايەت قىلۇرلاركىم، ئىلگەرىكى زەمانەدە ئۇشبۇ غۇلجا شەهەرىدە بىر بەهادۇر بار ئەردى چىن تۆمۈر ئاتلىغ. ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئەردى ماختۇمسۇلا دەپ. چىن تۆمۈر بەهادۇر دايىم شىكارغا چىقىپ، شىر، يولبارسلارنى شىكار قىلىپ، بۇغا مارالارنى كەباب قىلىپ تەناۋۇل① قىلۇر ئەردى. قالغانلارنى سىڭلىسىگە ئالىپ كەلىپ بەرۇر ئەردى. چىن تۆمۈر بەهادۇرنىڭ ئادەتى شۇل ئەردى. بىر كۈنى نەچەند ② كۈنغەچە شىكارغا چىقمادى. بىر كۈنى چىن تۆمۈر بەهادۇر سىڭلىسى ماختۇمسۇلاغا ئايدىدىكىم: «ئەي سىڭلىم مەن ئەرتە كۈندە يەتتى كۈنلۈك شىكارغا چىقارمەن. سەن ئۆيدىن تالاغا چىقماغىل. كاف- كاف كۆچۈكنى ئالىپ كېتەرمەن، ئوتتۇڭنى ئۆچۇرمەگىل. مەگەر ئوتۇڭ ئۆچۈپ قالسا قەرى③ كەمپىرلەرنىڭ④ قاشىغا ئوت تىلەپ



① تەناۋۇل — (ئە) يېمەك- ئىچمەك، ئىستېمال قىلماق.
② نەچەند — (پ) نەچچە، بىر نەچچە.
③ قەرى — قېرى.
④ كەمپىر — (پ) موماي.

بارماغىل. ساڭا زىيانى تېگەر» دەپ نەچچەند ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ، ئەرتەسى چىن تۆمۈر بەھادۇر شىكارغا چىقىپ كەتە-
دۇرغان بولۇپ، ئارغاماق ئاتنى ئىگەرلەدى، مىسران قىلىچنى⑤ بەلگە ئاستى، ئاتىغا مىندى. كاف-كاف كۈچۈكىنى
ئەرگەشتۈرۈپ شىكارغا كەتتى. سىڭلىسى ئۆيدە قالدى. قەزار⑥ شۇل كۈنى ماختۇمسۇلا ساچىنى تاراماققا قۇمغانغا⑦
سۇنى ئالىپ ئوچاقدا قويدى. بىر مۆشۈكى بار ئەردى، مىياڭلاپ ماختۇمسۇلانىڭ قۇچاغىغا چىقتى، ماختۇمسۇلا مۆشۈك-
نى ئۇردى. مۆشۈك قاچىپ قۇمغانغا تېگىپ سۇنى تۆكتى. سۇ ئوتقا قۇيۇلۇپ ئوت ئۆچتى. ماختۇمسۇلانىڭ قارنى
ئاچتى، تەئام پۇشۇرۇرغا ئوت بۇلمادى⑧. نائىلاج بولۇپ ئۆگزەگە چىقتى. ھەر تەرەپكە قارادى. بەناگاھ⑨ كۈن
چىقىش تەرەپىدە يالغۇز بىر كەپەدە تۇتۇن چىقادۇر. ماختۇمسۇلا خەيال قىلدىكىم، شۇل كۆرۈنگەن كەپەگە بارىپ،
ئوت كەلتۇرەي دەپ ئۆگزەدىن تۆبەن تۈشتى، شۇل تۇتۇن چىققان تەرەپكە يۈردى، بىر سائەتدە يۈرۈپ شۇل كەپە-
گە يەتىپ كۆردىكى، بىر ساما⑩ كەمپىر ئوت قالاپ ياتىبدۇر. ماختۇمسۇلا سەلام قىلىپ مامانىڭ قاشىغا كەلدى. ئايد-
دىكىم: «ئەي مەزلۇم سەلامىڭ بولماسا سالغۇ قابۇز قىلۇر ئىدىم. بىر ئۇرۇپ ئىكى⑪ قابۇز قىلۇر ئىدىم، كەلىڭ
بالام» دېدى. يەنە سۇرادىكىم: «قايدىن كەلدىڭىز، نەمە سۇراپ كەلدىڭىز، كىم بولۇرسىز؟» دېدى. ماختۇمسۇلا
ئايدىدى: «مەن چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ سىڭلىسى بولۇرمەن، ئاتىم ماختۇمسۇلادۇر» دەپ چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ
يەتى⑫ كۈنلۈك شىكارغا كەتكەنىنى بىر-بىر ماماغا بەيان قىلدى. ماما ئايدىدى: «ئەي بالام، ساڭا ئىكى قولۇڭغا بىر
نەرسە بەرۈرمەن، مۇندىن ئۆيۈڭغە بارغۇنچە ساچىپ بارغىل، ئارقاڭغا قاراماغىل» دەپ ئىكى يەڭگىگە⑬ بىر
نەمەرسەنى⑭ قويۇپ بەردى، بىر مۇنچە ئوتنى تېزەككە تۇتاشتۇرۇپ، ياغاچقا سانجىپ ئاغزىغا تىشلەتىپ قويدى. ماخ-
تۇمسۇلا يەڭگىدەكى دانەلەرنى قويۇپ ماڭدى. دانەلەردىن تال تىكەنلەر ئۈندى، مامانىڭ جايىدىن ماختۇمسۇلانىڭ ئۆيى
يەتكۈنچە نىشانە بولدى، بۇ ماما يەتە باشلىغ دىۋە ئەردى، ماختۇمسۇلا بىلمەدى. ماختۇمسۇلا ئوت ياقتى، بىر قازاندا
ئەت⑮ پىشۇردى، ئاكام كەلسە يەيەر دەپ، كەچ بولدى، باياقى ماما ئىشىككە كەلىپ قىچقارىپ ئەيتادۇركى: «چىن
تۆمۈر بەھادۇر ئۆيدە بارمۇ؟ ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا بارمۇ؟ مىسران قىلىچى قازۇقدا بارمۇ؟ كاف-كاف كۈچۈكى ئى-
شىكدە بارمۇ؟» دەپ قىچقىردى. ماختۇمسۇلا مامانىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ ئەيتادۇركى:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە يوقتۇر،
ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا يوقتۇر.
مىسران قىلىچى قازۇقدا يوقتۇر،
كاف-كاف كۈچۈكى ئىشىكدە يوقتۇر.

«كەلىڭ ماما» دەپ قىچقىردى، بۇ يەتە باشلىق دىۋە ماما سۇرىتىدە بولۇپ، ئىچكەرى كىرىپ، قازانداكى گۆش-
لەرنى بارچەسنى زەررە قويماي يەدى. ئاندىن ماختۇمسۇلانى تۇتۇپ باشىنى تۆبەن، ئاياغلارىنى يۇقارى ئاسىپ، تا-
پانىغا سىغ⑯ سانجىپ، قان چىقارىپ قاننى شورادى، ئاندىن كەيىن يەنە ماختۇمسۇلانى بوشاتىپ قويۇپ: «سەن مەنى
كىشىگە ئايتماغىل، مەگەر ئەيتساڭ مىڭ جانىڭنىڭ بىرى ئۆلكىمەدىن قۇتۇلماس» دەپ چىقىپ كەتتى.

ماختۇمسۇلا قورقۇپ دەم ئۇرمادى⑰. كۆپ يىغلادى، قارىنداشى چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ يولىغا قارار ئەردى.
ئاكام قاچان كەلىپ، بۇ دىۋەدىن مەنى ئاجراتىپ ئالۇر دەپ يىغلار ئىددى. قەزارا، يەنە كۈندۈز-كەچە بولدى، شۇل

---

⑤ «قىلىنچ — قىلىچ.
⑥ قەزارا — (ئە+پ) ئويلىمىغان يەردىن، تاسادىپىي، توساتتىن.
⑦ قۇمغان — قۇم كورا، كومزەكم، خۇمرا.
⑧ بۇلماق — تاپماق.
⑨ بەناگاھ — (پ) تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت.
⑩ ماما — موماي، موما.
⑪ ئىكى — ئىككى.
⑫ يەتى — يەتتە.
⑬ يەڭگ — يەڭ.
⑭ نەمەرسە — نەرسە.
⑮ ئەت — گۆش.
⑯ سىغ — زىق.
⑰ دەم ئۇرماق — (پ+ئۇ) نەپەس ئالماق، ئاۋاز چىقارماق، تىنماق، كىشىگە ئېيتماق.

دىۋە يەنە كەلىپ مەزكۇر گۆش، تەئاملارنى يەپ، ماختۇمسۇلانى ئاسىپ يەنە قاننى شوراپ، يەنە سەھەر بولغاندا دىۋە چىقىپ كەتتى.

ھاسىلى كەلام⑱. ھەر كۈنى ماختۇمسۇلا ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كېلەدۇر دەپ بىر قازانغا ئەت سالىپ، پۇشۇرۇپ تەييار قىلغاندا دىۋە كەلىپ يەپ، ماختۇمسۇلاغا بىدادلىغلار⑲ قىلىپ كەتەر ئەردى، ماختۇمسۇلانىڭ بەدەنىدە زەررە قان قالمادى، سارغارىپ زەئىفەراندەك بولدى، ئالتە كۈن پەدەرپە⑳ دىۋە كەلىپ، ھەر كۈندە بىدادلىغلار قىلۇر ئەردى، ئالتە كۈنغەچە ماختۇمسۇلانىڭ ماغدۇرى قالماي . ئازفى㉑ يىقىلغۇدەك بولدى. يەتتىنچى كۈنى چىن تۆمۈر شىكاردىن سەلامەت كەلدى، ئۆيگە كىردى، سىڭلىسى ماختۇمسۇلانى كۆردى. بىر يىل كەسەل بولغاندەك ئورۇغلاپ، قىزىلگۈلدەك چىرايى زەئىفەراندەك سارغارىپتۇر. چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سۇرادىكىم: «ئەي قارىنداشىم، بۇ ئالتە كۈننىڭ ئىچىندە مۇنچە ئورۇغلاپ سارغارىبدۇر سەن، نەمە بولدۇڭ، كىمدىن ساڭا زۇلۇم يەتتى ؟» دەپ سۇرادى. ماختۇمسۇلا يىغلاپ دىۋەنىڭ قىلغان ستەملەرىنى㉒ بىر-بىر ئاكاسىغا بەيان قىلدى، چىن تۆمۈر باتۇر دەرغەزەپ بولۇپ، قەسەمياد قىلىپ ئايددىلاركىم: «مەن شۇل يەتە باشلىق دىۋەنى ئۆلتۈرمەسەم، مەن چىن تۆمۈر باتۇر بولماغايمەن» دەپ، ئايتتىكى: «ئەي سىڭلىم، مەنىڭ كەلگىنىمنى ھېچ كىشى بىلمەسۇن، ئەگەر دىۋە كەلىپ مەنى كەلدىمۇ دەپ سۇراسا، كۈندەكىدەك كەلمەدى دەپ جاۋاب بەرگىل، مەن ئۆزەمنى راست قىلىپ㉓ تۇرۇرمەن» دەپ دەرھال ئارغاماق ئاتنى ئىگەرلەپ ئاغىلغا يوشۇندى㉔. كاف-كاف تايغاننى ئاتنىڭ يانىغا باغلادى. ئات بىرلە ئىت ھەر ئىكىسى چىن تۆمۈر باتۇر نەمە دېسە بىلۇر ئەردى، چىن تۆمۈر بەھادۇر ئات بىرلە ئىتغە ئايددىكىم: «ئەي ۋەفادار جانۋارلارىم، ئەگەر دىۋە كەلسە ھېچ ئۈن چىقارماڭلار، بىر نەمە قىلىپ دىۋەنى قولغا تۇشرەيلى» دەپ. ئاندىن چىن تۆمۈر باتۇر يەتە قات سابۇت كىيدى. باشىغا دوبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچنى بەلىغە ئاستى، ئىشىكنىڭ ئارقاسىدا ھېچ كىشى بىلمەيدۇغان پىنھان جايى بار ئەردى، شۇل يەرگە كىرىپ، مىسران قىلىچنى يالاڭلاپ تەييار بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا يەنە دىۋە ماما كەمپىر سۇرەتىدە بولۇپ، ئىشىكنىڭ تۈبىگە كەلىپ ئەردى، دىۋەنىڭ يۈرەكى سالدى، قورقۇنچ پەيدا بولدى، دىۋە خەيال قىلدىكىم: «مەن مۇندا ئالتە كۈن پەدەرپە كەلدىم، يۈرەكىم سالىپ قورقماپ ئەردىم، بۈگۈن يۈرەكىم سالدى ۋە ھەم قورقۇنچ پەيدا بولدى. مەگەر چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەنغە ئوخشايدۇر، ئاھستە ㉕ يانىپ كىتەي» دەپ ئارقاسىغا يانىپ، بەش-ئون قەدەم ئارقاسىغا يانىپ ئەردى، نەفسى قويمادى، يەنە يانىپ خەيالىغا كەچتىكى: «ئۆل بىر نەۋبەت سۇراپ باقاي، مەگەر كەلگەن بولسە، ئاندىن يانىپ كەتەي، ئەگەر كەلمەگەن بولسە تەييار ئاشنى تاشلاپ كەتمەي» دەپ دىۋە ئىشىكدە تۇرۇپ ئەيتادۇركى:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ ؟
ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا بارمۇ ؟
مىسران قىلىچى قازۇقدا بارمۇ ؟
كاف-كاف كۈچۈكى ئىشىكدە بارمۇ ؟

دەپ سۇرادى. ماختۇمسۇلا جەۋاب بەردىكىم ۋە ئەيتادۇركىم:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە يوقتۇر،
ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا يوقتۇر.
مىسران قىلىچى قازۇقدا يوقتۇر،
كاف-كاف كۈچۈكى ئىشىكدە يوقتۇر.

دەپ ئەردى، دىۋەنىڭ يۈرەكى توختاپ، ھەر باشىدىن تۈرلۈك-تۈرلۈك سەدالار چىقارىپ، ھەۋا كۈرگۈرەگەن-

---

⑱ ھاسىلى كەلام — (ئە) سۆزنىڭ قىسقىسى، خۇلاسە، نەتىجە.
⑲ بىدادلىغ — (پ) زالىملىق.
⑳ پەدەرپە — (پ) ئارقا-ئارقىدىن، ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈلدۈرمەي.
㉑ فى — (ئە) — دا-دە (ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى).
㉒ ستەم — (پ) زۇلۇم.
㉓ راست قىلماق — (پ+ئۇ) پىراستلانماق، تەييارلانماق.
㉔ ياشۇنماق — يوشۇرۇنماق.
㉕ ئاھستە — (پ) ئاستا.

دەك كىرىپ كەلدى. لېكىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرمەدى. يەتتە باشلىغ يەل مۆڭگۈز ئايتتىكىم: «ئەي ماختۇمسۇلا، ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەنگە ئوخشايدۇر، ئۆيۈڭدە ئادەمنىڭ بۇيى كېلەدۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايدى: «ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كەلمەدى، ئەگەر كەلسە ئارغاماق ئاتى ئوقۇردا بولماسمۇدى، مىسران قىلىچى قازۇقدا بولماسمۇدى، كاف-كاف كۈچۈكى ئىشىكدە بولماسمۇدى» دېدى. دىۋە ئايدى: «سەن يالغان ئەيتادۇرسەن، ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر تەھقىق㉖ كەلگەنگە ئوخشايدۇر. ئادەم بۇيى ئۆي ئىچىدىن كېلەدۇر، مەگەر ئاكاڭ ئۆيۈڭدە بىر يەردە بارغا ئوخشايدۇ، مەنىڭ قەسدىمدە يوشۇنۇپ تۇرۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايدى: «بۇ كۈن ئاكامنىڭ كۆڭلەك، تامبالىنى يۇپ، سۇيىنى ئۆيگە تۆكۈپ ئەردىم، شۇنىڭ بۇيىدۇر» دېدى. بۇسۆزنى ئاڭلاپ يەتتە باشلىق يەل مۆڭگۈزنىڭ يۈرەكى توختاپ ئىلگەرى كىرىشگە، نەرە تارتىپ ئىشىكنى㉗تۇشۇپ، بىر قىلىچ دىۋەگە سالدى. دىۋەنىڭ بىر باشى ئۈزۈلۈپ يەرگە تۈشتى، دىۋە ئاھ ئۇردى ۋە ئايدى: «ئەي چىن تۆمۈر، بىر باشىم ئالدىڭ، قالغان ئالتە باشىمغا نەچۈك㉘ جەۋاب بەرۇرسەن» دەپ دىۋە ھەم قەھرى بىرلە ئۇرۇشتى، بىر كەچە-كۈندۈز ئۇرۇشتى، چىن تۆمۈر باتۇر يەنە بىر قىلىچ سالىپ يەنە بىر باشىنى كەسىپ يەرگە تۈشۈردى، دىۋە سەراسىمە بولدى، ئۆيدىن چىقارنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي يەنە چىن تۆمۈر باتۇرغا ئاسىلدى، يەنە بىر كەچە-كۈندۈز بىر-بىرسى بىرلەن چالىشتى㉙. چىن تۆمۈر باتۇر يەنە بىر باشىنى چاپىپ يەرگە تۈشۈردى. دىۋە ئۈچ باشىدىن ئايرىلدى، دىۋە غەزەپ بىرلەن تۇتۇشتى. يەنە بىر قىلىچ بىرلە بىر باشىن تۈشۈدى، دىۋە ھەر تەرەپكە قاچار ئەردى، چىن تۆمۈر باتۇر ئۆي ئىچىندە دىۋەنى قوغلاپ يۈرۈپ يەنە بىر قىلىچ سالدى، دىۋەنىڭ بەشىنچى باشىنى تۈشۈردى. دىۋە ئاجىز بولدى، كۆزلەرى پىيالەدەك بولدى، ئىشىكدىن قاچىپ چىقاي دېسە، ماختۇمسۇلا قىلىچ چاپىپ چىقارمايدۇر، ئاڭاغەچە چىن تۆمۈر باتۇر يەنە بىر چاپتى. ئالتىنچى باشى يەرگە ئۈزۈلۈپ تۈشتى، دىۋەنىڭ يەل مۆڭگۈزى بار بىر باشى قالدى، دىۋە جان ئاچىغىدىن ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن قاچىپ چىقتى. ئاۋاز قىلدى: «ئەي ماختۇمسۇلا، مەن سەنى جۇمۇ، مەن سەنى جۇمۇ» دەپ قاچىپ كەتتى. چىن تۆمۈر باتۇر ئاتىغا مىنىپ ئارقاسىدىن قوغلاپ يۈردى، ماختۇمسۇلا كاف-كاف كۈچەكنى يازىپ㉚قويۇ بەردى. ئاڭاغەچە چىن تۆمۈر باتۇر دىۋەگە يەتىشتى، دىۋە نائىلاج بولۇپ، چىن تۆمۈر باتۇرنى تۇتتى. ھەر ئىكىسى كەچ كىرگۈنچە بىر-بىرىنى تۇتۇپ چالىشتى، ئاڭاغەچە كاف-كاف كۈچۈكى يەتىپ يارىپ دىۋەنىڭ لايەقەسىدىن تىشلەپ تارتتى، دىۋەنىڭ قۇۋۋەتى قالماي يىقىلدى، ئىت دىۋەنى تالاپ-تىشلەپ ئۆلتۈردى، چىن تۆمۈر باتۇر شاد-خۇرام بولۇپ دىۋەنىڭ باشىنى ئالىپ ئۆيگە كەلدى، مەختۇمسۇلا دىۋەنىڭ ئۆلگەننى ئەشتىپ شاد-خۇرام بولدى، نەچەند كۈنلەر ئەيش-ئىشرەتدە بولدى.

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى ماختۇمسۇلا ناھايىتى چىرايلىق رەئنا ئەردى، ئاق يۈزلۈك ۋە ئاھۇ كۆزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈك، سۇنبۇل ساچلىق، قارا قاشلىغ، مۇرجە مەيان㉛. فىستە دەھان㉜، نازۇك بەدەن ۋە سىم ㉝ تەن ئەردى، ھەر كىشى بىر نەۋبەت كۆرسە، نەچەند كۈنغەچە ئەقلى-ھوشنى بىلمەي، ئاش-ناندىن قالۇر ئەردى.

كۈنلەردە بىر كۈن چىن تۆمۈر باتۇرغا يەنە بىكار يۈرۈپ خەپالىغ يەتتى. يەنە ئادەتى قەدىمى بىرلە شىكارنىڭ خۇمارى تۇتتى. سىڭلىسگە ئايتتىكى: «ئەي سىڭلىم ماختۇمسۇلا، مەن شىكارغا بارۇرمەن، مەن ئۆيدىن تالاغا چىقماغايسەن ۋە ئارىقنىڭ㉞ بويىدا يول ئۈستىدە باشىڭنى تاراماغايسەن» دەپ نەچەند ۋەسىيەتلەر قىلدى، ماختۇمسۇلا ھەم بەجاندىل قەبۇل قىلدى، بەس، چىن تۆمۈر باتۇر نەچەند كۈن جابدۇق قىلىپ سىڭلىسى بىرلەن خوشلاشىپ شىكارغا كەتتى. ماختۇمسۇلا ئۆيگە كىردى، تالاغا چىقماس ئەردى، نەچەند كۈن ئۆتتى، ئۆيدىن تالاغا چىقمادى. بىر كۈنى ماختۇمسۇلا تالاغا چىقتى، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئارىقدا سۇ ئاقار ئەردى. ماختۇمسۇلا ئارىق بويىدە ئولتۇرۇپ سا-

---

㉖ تەھقىق ــ (ئە) مۇقەررەر، جەزمەن.
㉗ ئىشىكنى توشۇپ بۇ يەردە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «تىن» ئورنىدا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» قوللىنىلغان.
㉘ نەچۈك ــ قانداق.
㉙ چالىشماق ــ چېلىشماق، ئېلىشماق.
㉚ يازىپ ــ يېشىپ.
㉛ مەيان ــ (پ) بەل.
㉜ دەھان ــ (پ) ئېغىز.
㉝ سىم ــ (پ) كۈمۈش.
㉞ ئارىق ــ ئېرىق.



MIRAS

www.uyghurkitap.com



چىنى يۇدى، باشنى تارادى. ساچى ناھايىتى ئۇزۇن ئەردى، نەچەند تال ساچى سۇغا تۈشدى، ئاقا- ئاقا قالماقلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئورداسىنىڭ ئالدىداكى كۆلغە تۈشتى. قەزارا. شۇل كۈنى قالماقلار پادىشاھىنىڭ ئوغلى كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ قولنى يۇيۇر ئەردى. ماختۇمسۇلانىڭ ساچى بۇ شاھزادەنىڭ ئىلكىگە چىقتى، ئانى ئالىپ باقسا ئەجەب ئۇزۇن سۇمبۇلدەك ساچدۇر. شاھزادە مۇغ[35] نەۋكەرلەرىدىن سۇرادىكىم: «بۇ نەچۈك قىل تۇررۇكىم، مۇنچە ئۇزۇن قىلدۇر. بۇ ئاتنىڭ قۇيرۇغىدۇرمۇ ۋە يا بىر مەھبۇبنىڭ ساچىدۇرمۇ ؟» دېدى. نەۋكەرلەرى ئايىدىلەر: «ئەي شاھزادە، بۇ ساچ ماختۇمسۇلا دېگەن مەھبۇبنىڭ ساچىدۇر، ئانىڭ بىر ئاكاسى باردۇر چىن تۆمۈر دەپ، ئاتنىڭ بەرابەرىدە بۇ ئىقلىملاردا بىر ئەر يوق تۇرۇر» دېدى. بۇ شاھزادە ماختۇمسۇلانى كۆرمەي ئاشىق بولدى. دەرھال قول ئاستىداكى بەگلەرىنى، لاما. زەنگىلەرنى[36] يىغدى. لەشكەر جەمئي قىلدى، نۇرغۇن لەشكەر بىرلەن ئاتلانىپ، چىن تۆمۈر بەھاتۇرنىڭ سارايىنى قورشاپ ئالدى. بۇ خەبەرنى ماختۇمسۇلا ئاڭلاپ، نائىلاج ئۆگزە باشىغا چىقتى ۋە ئايىدىكىم: «ئەي لاما، زەنگىلەر، بۇ نەچۈك بىدادلىغلاردۇركى، مەن ئاجىزەغە قىلادۇرسىزلەر، ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كەلسە نەچۈك جەۋاب بەرۇرسىزلەر» دېدى. لاما، زەنگىلەر ۋە قالماقلار شاھى ماختۇمسۇلانى كۆردى، جان دىلى بىرلەن ئاشىق بولدى ۋە ئايىدىكىم: «ئەي رەئنا، ئۆزۈڭنى ماڭا قەبۇل قىلساڭ خوبدۇر، بولماسا زور[37] بىرلەن ئالۇرمەن» دېدى. ماختۇمسۇلا بىلدىكىم، بۇلار ئالماي يانماس، نائىلاج ئۆيىدىن چىقىپ، يەككە- يالغۇز قالماق بىرلەن سوقۇشتى، ئاجىز كىشى نە قىلسۇن، سەۋسەت بولدى[38]. قالماقلار تۇتتى، ئالىپ كەتتى، چىن تۆمۈر باتۇرغا خەبەر قىلدى، ماختۇمسۇلانىڭ بەندىكە تۈشكەنىنى ئىشىتتى. شىكاردىن ياندى، كەلىپ قالماقلار شاھىغا نامە ئىبەردى[39]. مۇلايىم سۆزلەرنى قىلدى، قاسىد[40] نامەنى قالماقلار شاھىغا يەتكۈزدى، شاھ نامەنى پارە- پارە قىلدى ۋە ئايىدىكىم: «مەن چىن تۆمۈردىن كەم ئەمەسدۇرمەن. بارىپ ئېيتغىل، قولىدىن نە كەلسە شۇنى قىلسۇن» دېدى. قاسىد كەلىپ چىن تۆمۈر باتۇرغا بىر- بىر بەيان قىلدى، چىن تۆمۈر باتۇر دەرغەزەپ بولدى، ئاتلانىپ مەيدانىغا كەلدى. قالماقلار ھەم سەپ ئارەستە[41] قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇر مەيدانىغا تۇرۇپ، نەرە تارتىپ ئايىدىكىم: «كىمكى ئۆلۈم جازاسى بولسە، مەنىڭ مەيدانىمغا كەلسۇن !» دېدى. قالماقلار چىن تۆمۈر باتۇردىن قورقۇپ مەيدانىغا كىرمەدى، چىن تۆمۈر باتۇر قالماقلار ئەسكەرىگە ئات سالىپ، ئەللىك- ئاتمىش قالماقنى ئۆلتۇردى، قالماقلار بىر يولى ئات سالدى، بولدى جەڭ مەغلۇبە، تا كەچ كىرگۈنچە جەڭ قىلدى. چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ بەدەنىگە نەچەند رەخمەدار بولدى، تاڭلاسى[42] يەنە سوقۇشتى، شۇبۇ تەرىقەدە ئۈچ كەچە- كۈندۈز سوقۇشتى، قالماقلارنىڭ ئەسكەرى قۇم- تۇغراقدىن تولا يىغىلىپ كەلدى، چىن تۆمۈر باتۇر كۆردىكىم، يالغۇز مۇنچە نۇرغۇن قالماق بىرلەن ئۇرۇشۇپ بىر تەرەپ قىلۇرنىڭ ئورنى يوقدۇر، نائىلاج بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا ياندى، قالماقلار ماختۇمسۇلانى ئۆز يۇرتىغە ئالىپ كەتتى، چىن تۆمۈر باتۇر نەچەند نەۋبەت كەلىپ قالماقلار بىرلەن سوقۇشتى، بولمادى، ئاخىر ئۈمىدىنى ئۈزۈپ كەچە- كۈندۈز يىغلار ئەردى، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ تىۋە[43]. ئات، كالا، قويلارى ئەدەددىن [44] تاشقارى ئەردى، تىۋەلەرنى تىۋەچىگە تاپشۇردى، ئاتلارنى يىلقىچىگە تاپشۇردى، كالالارنى پادەبانغا [45] تاپشۇردى، قويلارنى قويچىغا تاپشۇردى، ئۆزى خىلۋەتغە كىرىپ، كەچە- كۈندۈز يىغلا- يىغلا كۆزى كۆرمەس بولدى.

---

[35] مۇغ ــ (پ) مەجۇزى، ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى.
[36] زەنگى ــ موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئەمەل نامى.
[37] زور ــ (پ) زورلۇق، مەجبۇرىي.
[38] سەۋسەت بولماق ــ مەغلۇپ بولماق.
[39] ئىبەرمەك يىبەرمەك ــ ئەۋەتمەك.
[40] قاسىد ــ (ئە) ئەلچى، خەۋەرچى.
[41] ئارەستە ــ (پ) بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن، تەرتىپلىك، ياسىتىلىق.
[42] تاڭلا ــ ئەتە.
[43] تىۋە ــ تۆگە.
[44] ئەدد ــ ھەدد.
[45] پادەبان (پ) پادىچى.

ئەمدى سۆزنى ماختۇمسۇلادىن ئىشتىمەك كەرەك.

ماختۇمسۇلانى قالماق پادەشاھىنىڭ ئوغلى قىرىق كۈن توي- تاماشا قىلىپ ئالدى. ئىككى ئوغۇل تاپتى، ماختۇمسۇلا قاچارنى خەيال قىلۇر ئەردى، كەچە- كۈندۈز ساقچىلار ماختۇمسۇلانى ساقلار ئەردى، بۇ رەۋىشتە نەچە يىل ئۆتتى، ھېچ قاچادۇرغانىنىڭ ئىلاجىنى قىلالمادى، بىر كۈن ماختۇمسۇلابەتەمام[46] قالماقلارغا ئاراق[47] ئىچۈردى، بارچە قالماقلار مەست، مەدھوش بولدى، خۇدىنى بىلمەدى، ماختۇمسۇلا قارا يال[48] قۇلا، [49] ئاتنى مىنىپ، بىر مۇنچە ئوزۇق ئالىپ قاچتى، ئۈچ كەچە- كۈندۈز تىنماي يۈردى، ئارادا دەريا بار ئىدى.

دەريادىن ئۆتۈپ تۇرار ئەردى، قالماقلار قوغلاپ يەتىپ كەلىپ، دەريادىن ئۆتەلمەدى. قالماقلار ماختۇمسۇلاغا يالبارىپ ئەيتادۇركى: «ئەي ماختۇمسۇلا، ئىككى بالاڭنى يەتىم قىلما، يانغىل، دەريانىڭ بۇ تەرەپىگە يانىپ ئۆتكىل» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايتۇر: «چوڭ بالامنى دەرياغا تاشلاڭلار، بالامنىڭ پىراقىغا چىداماي ئۆتەرمەن» دېدى. قالماقلار چوڭ ئوغلىنى دەرياغا تاشلادى، ماختۇمسۇلا پەرۋا قىلمادى، قالماقلار ئايدىدى: «ماختۇمسۇلا كىچىك ئوغلىغا تولا مېھرىباندۇر، ئانى دەرياغا تاشلاساق تۇتۇپ ئالامەن دەپ دەرياغا كىرەر، بىزلەر ماختۇمسۇلانى تۇتارمىز» دېدى. كىچىك ئوغلىنى ھەم دەرياغا تاشلادى، ماختۇمسۇلا كۆردى. ئىككى ئوغلى دەرياغا غەرق بولۇپ ئۆلدى. ماختۇمسۇلا ئاتىغا بىر قامچى ئۇردى. چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ شەھەرى تەرەپىگە يۈردى، قالماقلار دەريادىن ئۆتەلمەي يانىپ كەتتى، ماختۇمسۇلا يۈرۈپ بىر ئورغۇن تىۋەلەرگە يەتىپ كەلىپ تىۋەچىلەردىن سۇرادى: «بۇ كىمنىڭ تىۋەلەرىدۇر؟» دەپ تىۋەچىلەر ئايدىدى: «بۇ چىن تۆمۈر قارۇغۇنىڭ تىۋەسىدۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا سۇرادى: «چىن تۆمۈر بەھادۇر ئەردى، نەمە بولۇپ قارۇغۇ بولدى؟» دېدى. بۇلار ئايدىدى: «بىر سىڭلىسىنى قالماقلار ئالىپ كەتكەن، شۇل سىڭلىسىنىڭ دەرد- پىراقىدا يىغلاپ يۈرۈپ قارۇغۇ بولۇپ قالغاندۇر» دېدى. ماختۇمسۇلا ئايدىدى: «ھېلى[50] قاندۇدۇر؟» دېدى. تىۋەچىلەر ئايدىدى: «بىلمەيمىز، قايدا ۋە قايدا ئەمەس» دېدى. ماختۇمسۇلا ئاندىن ئۆتۈپ يىلقىچىلارغا يولۇقتى، بۇلار ھەم شۇل جەۋابنى ئايتتى. ماختۇمسۇلا پاداچى، قويچىلارغا ئۇچراپ بۇ جەۋابلارنى ئىشتىپ تولا يىغلادى. ماختۇمسۇلا ھەر يەرگە بارسا، چىن تۆمۈر باتۇرنى سورار ئەردى، خەبەرىنى ئىشتمەس ئەردى ماختۇمسۇلا دايىم يىغلار ئەردى، ئاخىرى بىر خاتۇن يولۇقتى ئاندىن ئاكاسىنىڭ خەبەرىنى سورادى، ئول خاتون ئايدىدى، چىن تۆمۈر باتۇرنى ئالتۇن ئاراشاڭ دېگەن يەرگە ئاتام ئالىپ كەتكەن» دەپ خەبەر بەردى. ماختۇمسۇلا ئول يەرنى بىلۇر ئەردى، ئول خاتۇنغا ئايدىدى: «ئەي قارىنداش، نە بولۇر، سەن بارىپ چىن تۆمۈر باتۇرغا مەنىڭ خەبەرىمنى ئەيتساڭ، ساڭا چىن تۆمۈر باتۇر كۆپ- كۆپ ماللار بەرۇر» دېدى. بۇخاتۇن ئايدىدى: «سەن كىم بولدۇڭ؟» دېدى. بۇ ئايدىدى: «مەن چىن تۆمۈر بەھادۇرنىڭ سىڭلىسى ماختۇمسۇلادۇرمەن» دېدى. بىر ئالما بەردى ۋە ئايددىكىم: «چىن تۆمۈر باتۇر سەنىڭ سۆزۈڭگە ئىنانماسا[51] بۇ ئالمانى كۆزىگە سۇرسەڭ كۆزى ئاچىلۇر» دېدى. بۇ خاتۇن ئالمانى ئالىپ يولغا رەۋان بولدى. چىن تۆمۈر باتۇرغا باردى، ماختۇمسۇلانىڭ خەبەرىنى ئايتتى، چىن تۆمۈر باتۇر باۋەر قىلمادى[52]. بۇ خاتۇن ئالمانى قولىغا ئالىپ: «ئالماتۇنىڭ ئالماسى، ماختۇمسۇلانىڭ خالتاسى، ماختۇمسۇلا بولماسا، قالدىن كېلۇر بۇ خالتەسى» دەپ ئالمانى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۇردى، كۆزى ئاچىلدى، بۇ خاتۇنغا كۆپ ئىنئاملار قىلدى. چىن تۆمۈر تېز بۇ خاتۇن بىرلەن ماختۇمسۇلانىڭ قاشىغا كەلىپ، بىر- بىرىنى كۆرۈپ يىغلاشتى، ھال- ئەھۋال سۇراشتى، ئۆيىگە كەلىپ تىۋە، ئات، كالا، قويلارنى يىغىپ دەپتەرگە ئالىپ، ئاندىن تىۋەنى تىۋەچىگە ئاتنى، كالانى يىلقىچىگە، قويلارنى قويچىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزلەرى دايىم شاد- خۇرام، ئەيش- ئىشرەت يۈرۈپ ئۆمۈر كەچۈردى.

ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب[53].

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات سوبى

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل- ئەدەبىياتى پەنلىرى پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى)

---

[46] بەتەمام ــ (پ ئە) ھەممە، تولۇق، پۈتۈن.

[47] ئاراق ــ (ئە) ھاراق.

[48] بال ــ ئاتنىڭ بويۇن قىلى، ياللى.

[49] قۇلا ــ قوڭۇر، سېرىق.

[50] ھېلى ــ ھازىر، شۇ مەنىدە. [51] ئىنانماق ــ ئىشەنمەك.

[52] باۋەر ــ (ت) ئىشەنچ، ئېتىقاد.

[53] ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب ــ (ئە) ئاللا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھلار توغرىسىدا

مېھرىبان نىياز

ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا نىسبەتەن توقۇپ چىققان.

قەدىمكى زاماندىلا ئەجدادلىرىمىزدا ئانىمىزملىق كۆز قارىشى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ كۆز قاراشتا مەيلى جانلىق نەرسىلەر بولسۇن ياكى جانسىز نەرسىلەر بولسۇن ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ، روھ ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ دېگەن قاراش ئەكس ئەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەتراپىدىكى ئۆزىگە سىرلىق بىلىنگەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرگە چوقۇنۇشقا باشلىغان. مەسىلەن، كۆك ئاسمانغا چوقۇنغان. غايەت زور بىر بوشلۇق ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندا، بۇ بوشلۇق ئۇلارغا تولىمۇ سىرلىق بىلىنگەن ۋە بۇ سىرلىق بىلىنگەن نەرسىگە قورقۇش ئىچىدە چوقۇنۇشقا باشلىغان. تەسەللىگە ئېرىشكەن... نەتىجىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدىكى كۆك تەڭرى بارلىققا كەلگەن. ئۇلار يەنە ئايغا، تاغقا، يەرگە، سۇغا چوقۇنغان. شۇنداق قىلىپ ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىق ئاساسىدىكى ئىپتىدائىي دىن قارىشى شەكىللەنگەن. خۇددى «ئانىمىزم ئىككى نەرسىنى بارلىققا كەلتۈردى، بىرى ئىپتىدائىي دىن، يەنە بىرى ئەپسانە»① دەپ ئېيتىلغىنىدەك، كىشىلەر ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرگە چوقۇنۇش جەريانىدا «ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئۇقۇمىغا ئۆز ھېسسىيات، ئارزۇ، چۈشەنچە، تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ھەممىسى سىڭىپ كەتكەن بولۇپ،



ئالەمنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىلاھلار شەجەرىسى، ئىنسانلار-نىڭ يارالمىشى، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئەت توغرىسى-دىكى ساددا چۈشەنچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»② ساددا قاراشلىرى بىلەن ئەپسانىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

تەيلۇر ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابىدا مەدەنىيەتنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن. بىرىنچىسى، نادانلىق دەۋرى، ئىككىنچىسى، قەھرىمانلىق دەۋرى، ئۈ-چىنچىسى، مەدەنىيلىك دەۋرىدىن ئىبارەت. ئەپسانە دەل ئىنسانىيەتنىڭ نادانلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يۈكسەك خىيالىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلاھلارغا باغلاپ ئىنكاس قىلىدۇ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمىي بىر خىل شەكلى.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرىمۇ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا، جۈملىدىن ئەپسانە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئىنسا-نىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرىگە كىرىشى بىلەن ئەپسانە توقۇش يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەتقىق قىلىش بۈ-گۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى دىنىي ئېتىقا-دى، ئىپتىدائىي قاراشلىرىنى بىلىش جەھەتتە يەنىلا مۇھىم رولغا ئىگە. شۇڭا مەن تۆۋەندە «كۆك يالىلىق بۆرە» دىن ئىبارەت ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرىدىكى ئۈچ ئايال ئىلاھ توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

**بۇ ئۈچ ئەپسانىنىڭ ئاساسىي قىسمى**

ئەسما: ئەسما پەرى ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادى-شاھى بولۇپ، ھەممە پەرىشتىلەردىن چىرايلىق ئىكەن. ئۇ يەتتىنچى ئاسماندا تۇرار ئىمىش، تەبىئەتتىكى بارلىق ھا-دىسىلەر شۇ پەرىشتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققانمىش، يەنى پەرىشتە كۆزىنى ئاچسا، قۇياش چىقىپ پۈتۈن كائىنات يورۇيدىكەن... ③.

ئاناختا: خۇش قامەت، كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان، توغرا سۆز، مەرھەمەتلىك گۈزەل قىز ئەدۋىسۇرا ئاناختا ئىنسانلارغا كۈچ قۇدرەت بەخش ئەتكۈچى، سۈنىڭ مول بولۇشىنى تەمىنلىگۈچى مۇقەددەس مەبۇدە ئىكەن. ئۇ بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ئاجداھاك، دىۋە ۋە سېھىرگەرلەرگە قارشى چىقىپ، ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىپتۇ... ئۇ ئاجدا ھاكنى يەر يۈزىدىن پاك-پاكىز يوقى-تىپ، ئىنسانلارغا كۈچ-قۇدرەت بەخش ئېتىپتۇ ④.

ئۇماي ئىلاھى: ئۈستۈنكى پارلاق ماكان بىلەن ئاس-تىنقى قاراڭغۇ ماكانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇماي بولۇپ، ئۇ ئەۋلادلىرىغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەسىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇماي ئىلاھى يەنە مۇ-ھەببەت ئىلاھى، ئېغىر ئاياغ ئاياللار چوقۇنىدىغان ئىلاھ، ئۇششاق باللار ھامىيسى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن ⑤.

ئۇنداقتا ئىپتىدائىي ئىنسانلار بۇ ئىلاھلارغا زادى قايسى جەھەتلەردىن ئۆز ئىدىيەسىنى سىڭدۈرگەن؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزى-نىڭ باللىق دەۋرىدە بۇ ئىلاھلارغا ئىپتىدائىي ئېتىقادىنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، گۈزەللىك قارىشىنى، ئىپتىدائىي بىلى-مىنى سىڭدۈرگەن ۋە بۇ ئىلاھ ئوبرازى ئارقىلىق تەسەل-لى تاپقان.

**بىرىنچى، ئىپتىدائىي ئېتىقادىنى سىڭدۈرۈش**

«ئەپسانىلەردە بايان قىلىنىدىغىنى شۇ تەبىئەت ھادى-سىلىرىنىڭ ‹روھ-ئەرۋاھلىرى›دىن تەرەققىي قىلىپ ۋە بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ ‹مۇقەددەسلىشىپ› كەلگەن ئىلاھلاردۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەر خىل تەبىئىي ۋە

www.uyghurkitap.com



ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەنە شۇ ئىلاھلارنىڭ پائالىيىتلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى ئەنە شۇ شەيئىلەرنىڭ «مۇقەددەس روھى»، يەنى «ئىلاھلار»غا باغلاپ ئىزاھلىغان» ⑥.

ئەسما پەرى ئەپسانىسىگە قارىساق، ئۇ ئاسمان ئىلاھلىرى ھەققىدىكى ئەپسانە بولۇپ، بىز ئۇنى كۆككە چوقۇنۇشنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن ئەپسانە دېيەلەيمىز. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزىگە سىرلىق بىلىنگەن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنغان، ئەلۋەتتە كۆك ئاسمانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئۆزىگە سىرلىق بىلىنگەن كۆك بارا-بارا مۇقەددەس ئورۇنغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى ئىلاھ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرگەن. ئالدى بىلەن كۆك ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مۇقەددەس بىلىنگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاسمانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاي، يۇلتۇز، قۇياش، يامغۇر، شامال قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىمۇ سىرلىق بىلىنگەن ۋە بۇلارنى ئاسماننىڭ مۇقەددەسلىكىگە قوشۇۋەتكەن. نەتىجىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسما پەرىگە يۈكلەپ، ئۇنى ئاسمان مالائىكىلىرى پادىشاھىنىڭ نامىدا ئەپسانىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئاناختا ئەپسانىسىگە قارىساق، ئۇ سۇ تەڭرىسىنىڭ ئىلاھىي ئوبرازى بولۇپ، سۇغا چوقۇنۇشنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن ئەپسانە دېيەلەيمىز.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەممە نەرسىنىڭ روھى بولىدۇ دەپ چۈشەنگەن ۋە تەبىئەتتىكى ھەر خىل شەيئىلەرنى ئۇلۇغلىغان. «سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇغا چوقۇنۇش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىر ئېتىقاد شەكلى ئىدى»⑦. سۇنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش نەتىجىسىدە ئەپسانىلەرنى توقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلاھىي ئوبرازنى بەرگەن، نەتىجىدە سۇ تەڭرىسى بارلىققا كەلگەن، ئاناختا سۇ تەڭرىسىنىڭ ئوبرازى ئىدى.

ئۇماي ئىلاھىي ئەپسانىسىگە قارىساق ئۇ زېمىن ئىلاھى ھەققىدىكى ئەپسانە بولۇپ، تۇپراق ۋە سۇغا چوقۇنۇشنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن ئەپسانە دېيەلەيمىز.

قەدىمدە قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە، زىرائەتلەرگە زىيان يېتەتتى، ئەجدادلىرىمىز سۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە يەر بىلەن سۇنى باغلاپ تەپەككۇر قىلىپ، ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن يەر بىلەن سۇغا چوقۇنۇشنىڭ نەتىجىسىدە يەر-سۇ تەڭرىسى — زېمىن ئىلاھى بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىقى ئۈچ ئەپسانىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنى يىغىنچاقلىغاندا ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كۆككە چوقۇنغانلىقىنىڭ، يەر-سۇنى ئۇلۇغلىغانلىقىنىڭ ۋە ئۇلارنى ئايال ئىلاھ ئوبرازى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ ئەپسانىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

### ئىككىنچى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى سىڭدۈرۈش

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەپسانىگە ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئېڭى، ياخشىلىق كۆز قاراشلىرى، ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىدەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆزىنى قوغدىغۇچى ئىلاھلارنىڭ ئوبرازىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

ئاناختا ئەپسانىسىنى ئېلىپ ئېيتساق «ئۇ بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ئاجداھاك، دىۋە ۋە سېھىرگەرلەرگە قارشى چىقىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى پاك-پاكىز يوقىتىپ، ئىنسانلارغا كۈچ-قۇدرەت بەخش ئېتىپتۇ»⑧ دېيىلىدۇ. ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە قەدىمكى زاماندا ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەڭرىسى بولۇپ، ياخشىلىق تەڭرىسى ئاخرۇمازدا، يامانلىق تەڭرىسى ئەھرەمەن دېيىلىدىكەن. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشتا ئاخرۇمازدا غەلىبە قىلىدىكەن، ئاناختا ئەپسانىسىدىمۇ ئاناختا يامان كۈچلەر ھېسابلانغان دىۋە قاتارلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سىرلىق كۈچىگە دۇچ كەلگەن ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزىگە ھامىي بولىدىغان، يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ئالەمدىن تاشقىرى بىر سىرلىق كۈچنىڭ بولۇشىغا ئىنتىزار بولغان ۋە شۇ ئۈمىدنى ئەپسانىلەرگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىش خاھىشى بويىچە ئەپسانىلەردىكى ياخشى كۈچلەرنى يامان كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرغان. مەلۇمكى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاناختانىڭ دىۋە قاتارلىق ئىنسانلارغا بالايىئاپەت كەلتۈرگۈچى مەخلۇقلارنى يوقىتىپ، ئىنسانلارغا كۈچ-قۇدرەت بەخش ئېتىشى كۈچلۈك

ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئۇماي ئىلاھىي ئەپسانىسىدە، ئۇ بەخت ئىلاھى، مۇھەببەت ئىلاھى، ئېغىرئاياغ ئاياللار چوقۇنىدىغان ئىلاھ، ئۇششاق باللار ھامىيسى دەپ قارالغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەۋرىدە ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئەھۋالمۇ سىرلىق تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ھەتتا بەزى ئاياللار تۇغۇتىدا قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىپ، ھەتتا بالىسىمۇ ساقلاپ قالالمىغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار ئۆزىگە ھامىي بولىدىغان بىر كۈچنىڭ بولۇشىغا ناھايىتى تەشنا بولغان. ئۆزى ۋە بالىسىنى قوغدايدىغان، ساقلاپ قالىدىغان بىر كۈچكە ئىنتىزار بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدا، ئاياللار ۋە باللارنى قوغدايدىغان، ھامىي بولىدىغان ئايال ئىلاھ ئۇماي ئەپسانىسىنى توقۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا يەنىلا ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا «ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە خەلقنىڭ ئەمىلىكى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەزىدە ماددىي بايلىقتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان» ⑨ بولغاچقا، خوتۇن-قىزلارنى تالاپەتتىن ساقلاپ قىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. مۇشۇ خىل ئېھتىياجمۇ ئۇماي ئەپسانىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان.

بۇ ئۈچ ئەپسانىگە قاراپ باقساق ھەممىدە كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى بار. يەنى ئىلاھلارنى كۈچلۈك ئادەملەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى، يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ئىدىيەنى سىڭدۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن روھىي دۇنياسىدىكى باشپاناھسىز قورقۇنچ تۇيغۇسىنى يەڭگەن.

ئۇنداقتا بۇ ئۈچ ئەپسانىدىكى باش قەھرىمان ئىلاھ نېمە ئۈچۈن ئايال ئىلاھ ئوبرازى بولىدۇ؟

ئەجدادلىرىمىزدا ئاتا ئەجداد ۋە ئانا ئەجدادقا چوقۇنۇش ھادىسىسى بولغان. ئىپتىدائىي باسقۇچتا يەنە ئاتا ئۇرۇقداشلىق جامەئەسى ۋە ئانا ئۇرۇقداشلىق جامەئەسى باسقۇچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىلەر توقۇلۇشقا باشلىغان.

«ئەسما پەرىمۇ ئەجداد سۈپىتىدە چوقۇنۇلغان بىرەر ئانا ئەجداد بولسا كېرەك»⑩. شۇنىڭ تەسىرىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار بۇ ئەپسانىنى توقۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئابلىمىت ئۈمەر بىلگىننىڭ كىتابىدا «ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئاشىد غارىنىڭ غەربىدە تۇرۇشلۇق دېڭىز ئىلاھى شىمۇشلىنىڭ ئايالى — بايقال كۆلى ئىلاھى ئۇماي» دېگەن نەقىل ئۇچرايدۇ⑪. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بىز بۇ ئەپسانىلەردىكى باش قەھرىمان ئىلاھنىڭ ئايال ئىلاھ بولۇشىنى، ئانا ئەجدادىغا چوقۇنۇش ۋە ئانا ئۇرۇقداشلىق جامەئەسى تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ پەرەز قىلالايمىز.

### ئۈچىنچى، گۈزەللىك قارىشىنى سىڭدۈرىدۇ

بۇ ئەپسانىلەردە «ئەسما پەرى ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ھەممە پەرىشتىلەردىن چىرايلىق ئىكەن». «خۇش قامەت كەمرىنى مەھكەم باغلىغان، توغرا سۆز، مەرھەمەتلىك گۈزەل قىز ئەدۋىسۇرا ئاناختىا ئىنسانلارغا كۈچ-قۇدرەت بەخش ئەتكۈچى... مۇقەددەس مەبۇدە ئىكەن»⑫ دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. ئۇنداقتا ئەپسانىلەردىكى بۇ پارچىدىن بىز ئادەملەشتۈرگەن ئىلاھلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى گۈزەللىكنى بىلەلەيمىز. بۇ ئۈچ ئايال ئىلاھنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق قىلغۇچى



ئىلاھە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدىن بىز ئاجايىپ چوڭقۇر روھىي گۈزەللىكنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئىپتىدائىي ئىنسانلار بۇ ئۈچ ئايال ئىلاھەگە تاشقى گۈزەللىك ۋە روھىي گۈزەللىك ھېسسىياتىنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلەلەيمىز.

**تۆتىنچى، ئىپتىدائىي بىلىمنى سىڭدۈرۈش**

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزىگە سىرلىق بىلىنگەن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە چوقۇنغان. ئەسما پەرى ئەپسانىسىگە قارىساق، ئەسما پەرىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ دېيىلىدىكەن. بۇنىڭدىن ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان ساددا قاراشلىرىنى بىلەلەيمىز. ئەسما پەرىنىڭ ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادىشاھى، ئۇماي ئانىنىڭ يەر-سۇ تەڭرىسى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ «ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئالەم قارىشىدا ئوت، ھاۋا، تۇپراق، سۇدىن ئىبارەت تۆت زات قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئالەملىك تۈزۈلۈش تەرتىپى روشەن ئىپادىلەنگەن»⑬لىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇنداق بولسا بۇ ئۈچ ئايال ئىلاھە توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ھازىرمۇ ئىزنالىرى بارمۇ-يوق؟ دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ.

بىز ئەسما پەرى ئەپسانىسىنى كۆك ئاسمانغا چوقۇنۇشنىڭ تەسىرى دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. يەنى ئەپسانىلەردە كىشىلەر ئاسمان تەڭرىسىگە چوقۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاش جەريانىدا ئىپتىدائىي ئاڭ كىشىلەر ئېڭىنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدا ئازدۇر-كۆپتۇر ساقلانغان بولىدۇ. ھازىرمۇ كىشىلەر قاتتىق ئازابلانغاندا ياكى يۆلەنچۈكسىز قالغاندا «ئاھ! خۇدا» دەپ ئاسمانغا قاراپ ئىلتىجا قىلىدۇ، بۇ كۆككە چوقۇنۇشنىڭ، ئىپتىدائىي كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلاھنى ئاسماندا دەپ قارىغان ئىپتىدائىي ئېڭىنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرى مېڭىسىدىكى قالدۇق ئىزلىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇماي ئىلاھى ئەپسانىسىگە كەلسەك، بۇ خەلقىمىز ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەپسانە ھېسابلىنىشى مۇمكىن. خەلقىمىز ئارىسىدا ھۇما قۇشى دەپ بىر خىل قۇش بولۇپ، بۇ بەخت قۇشى دېيىلىدىكەن. «بۇ قۇش بەزىدە يەر يۈزىگە 40 گەز قەدەمگىچە يېقىنلايدۇ ھەم قايتا كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ قۇشنىڭ كۆلەڭگىسى بەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشسە جاھاندا شۇ پادىشاھ بولىدۇ ياكى ناھايىتى باي بولىدۇ»⑭ دېيىلىدىكەن. يەنە خەلقىمىز ئارىسىدا ھۇماي دېگەن ئىسىم بولۇپ، بۇ ھۇمايخان ياكى ھۇمەيرەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسلى بۇ ئىسىمنىڭ توغرا ئاتىلىشى ئۇماي بولسا خەلقىمىز ئۇنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاناختىتا ئەپسانىسىدە ئۇ ئاجداھاك ۋە دىۋە قاتارلىقلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى يەڭگەنلىكى سۆزلەنگەن. دىۋە بۇ يەردە يامانلىقنىڭ، كۈچلۈكلۈكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئەجدادلىرىمىز كېيىن بارلىققا كەلگەن چۆچەكلىرىمىزگە دىۋە ئوبرازىنى سىڭدۈرۈپ ماڭغان. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ كىشىلەر ئىنتايىن كۈچتۈڭگۈر كەلگەن ئادەمنى دىۋىدەكلا ئادەم ئىكەن دەپ قويىدۇ.

دېمەك، ھازىر ئۇيغۇرلىرىمىز مۇكەممەل بولغان بىر خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ يوشۇرۇن ئىزنالىرى يەنىلا مەۋجۇت. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ باللىق دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرقى يېتىلگەن دەۋرىگىچە ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ئىزنالىرىنى ئۆزىدە ئازدۇر-كۆپتۇر ساقلاپ كەلدى ۋە كېيىن ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنلارنىڭ ئىچىدىكى پەرھىزلەرگە سۆرەپ كىردى.

**ئىزاھاتلار:**

①، ⑥، ⑦ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: « ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009-يىل نەشرى، 177-، 182-، 199-بەتلەر.

② ئالىمجان ئابدۇخالىق: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ بەزى ئورتاقلىقى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010-يىل 2-سان، 89-بەت، مۇشۇ ماقالىدىكى 3-نەقىل.

③، ④، ⑤، ⑧، ⑫ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرى ‹كۆك ياللىق بۆرە› دېگەن قىسىمدىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى، 7-، 9-، 12-، 9-، 7-بەتلەر.

⑨، ⑩، ⑪، ⑬، ⑭ ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، 205-، 139-، 206-، 303-، 200-بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپىنىڭ 2010-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

تايانچۇقۇم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ياقا - يۇرتتا غېرىبمەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يۈرەك كۆيەر پىلدىرلاپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

سەندىن باشقا نېمەم بار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كۆز قارىچۇقۇم ئۆزۈگسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئاشقا قاتتىم يۇمغاقسۇت،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.



# ئەللەي ناخشىسى



سۇلار ئاقۇر ئېرىقتا.
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
غىلدىر - غىلدىر شىرىلداپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

يىراقتىكى تۇغقاندىن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
تام قوشنىلار ياخشىراق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

باغ باغ ئەتكەن بىغىرتاق،
ئەللەي، بالاي، ئەللەي.
باراي دېسەم يول يىراق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

قارانچۇقۇم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تومۇرلارنى باسسۇن دەپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ساڭا ئۈمىد باغلىدىم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
گالۋاڭلىقنى يەڭسۇن دەپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئەتە يوغان بولسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
چوڭ ئىشلارنى قىلسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئەرنىڭ كۆركى ئەمگەكتۇر،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئىشلەپ بەخت تاپۇرسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئىشلەپ بەخت تاپساڭ سەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئاق سۈتۈمگە رازىمەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئىلىڭ ئۈچۈن تەر تۆكسەڭ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
باققىنىمغا رازىمەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

مىنگەن ئىتىڭ يورغىدۇر،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كۆزۈمدە يوق ئۇيقۇدۇر،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

كۆككە بېقىپ قارايمەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئويغا سالغان نىمىدۇر،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئاسماندىكى قاقىرلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يۇرت تەرەپكە قايتىپتۇ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

سالام دەڭلار قاقىرلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يۇرت كۆكىدىن ئۆتكەندە،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يەنە قايتىپ كەلگەندە،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

زامان شۇنداق تار ئىكەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئايرىۋەتتى ئانامدىن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئايرىلمىغان بىر كۈنمۇ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ياشلىقىمدا ئاتامدىن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئۇخلا قوزام كۆز نۇرۇم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
نىسپى بولدى تۈنلەرمۇ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئۈمىد بىلەن ياشايمەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كېلەر ئېسىل كۈنلەرمۇ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ۋىلىق - ۋىلىق كۈلسەن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
تايتاڭ - تايتاڭ يۈرسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
پۇت - قوللىرىڭ ماغدۇرلۇق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئوغۇز سۈتۈڭ تويغانسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئەللەي بالام بوتا كۆز،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
غەملەر باستى موماڭدىن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئەس يادىمغا كەلتۈردى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئۆلۈپ كەتكەن ئاناڭنى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئاناڭ مېنىڭ قىزىمدى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يۈرىكىمتى، كۆزۈمتى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

تولۇن ئايدەك چىرايلىق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
قاش - كىرپىكى قۇندۇزدى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

چېۋەر ئىدى قوللىرى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كۆيەر ئىدى موماڭغا،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

سۆيەر ئىدى ئېسىلىپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي،
سادىق ئىدى بوۋاڭغا،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: هاجى گوياخان هوشۇر

توپلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد



# ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە «گۈل چاي» ئويۇنى

**ئابدۇخېلىل مىرخېلىل**

«گۈل چاي» ئويۇنى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولغان ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە گەۋدىلىك تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە تۇتقان ئورنى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىكى ھەرخىل تەركىبلەرگە ئوخشاشلا مۇھىمدۇر.

«گۈل چاي» ئويۇنى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى ئۆزگىچە خاسلىققا، روشەن رايون پەرقىگە ئىگە قىلىدىغان، مەشرەپلەردىكى بوشلۇقلارنى تولۇقلاپ، مەشرەپلىرىمىزنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بېيىشىغا، شۇنداقلا ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرىنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق كېڭىيىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە.

ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان «گۈل چاي» ئويۇنى باشقا رايون ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان يەرلىك مەشرەپلەردە ئوينىلىدىغان «تېپىشماق تېپىش»، «بېيىت ئېيتىش»، «چاي سۇنۇش»، «داپ سۇنۇش ياكى گۈل سۇنۇش»، «دەررە تالىشىش» قاتارلىق ئويۇنلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرسىمۇ، ئورۇنلىنىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، ئۆزىگە خاس قەدەم باسقۇچلىرى، شۇنداقلا ئومۇمىي مەشرەپنىڭ مۇپەسسەل ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىش جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئويۇنلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ يىل 85 ياشقا كىرگەن دادام مىرخېلىل خوجا ماڭا ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدىكى «گۈل چاي» ئويۇنى ھەققىدە ئۆزى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى مەھەللىمىزدە مەشرەپلەر بولۇپ تۇراتتى. مەنمۇ شۇ مەشرەپنىڭ بىر ئەزاسى ئىدىم. مەشرىپىمىزنىڭ قازى بېگى: ئىشان توكۇر، يىگىت بېشى: مامۇتئاخۇن ئاكا، كۆل بېگى تۇرسۇن بەختاخۇن، پاششاپ: تۇرسۇن زۇنۇن.

داري بېگى: تۇداخۇن توكۇر، ئىبراھىم تەمبۇرلەر ئىدى.

بىر قېتىملىق مەشرەپتە مەن يىگىت بېشىمىز مامۇتئاخۇن ئاكىغا مۇنداق ئۇسۇلدا بىر «گۈل چاي» تۇتقان ئىدىم. مەن مەشرەپ باشلىنىشتىن بۇرۇن بىر سىركاي چىنىگە يېرىم سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى تال چاقماق قەنت سالدىم. ئاندىن سىركايدىكى جۇلايقا تازىمۇ پۇتاقلىرى كۆپ كىچىكرەك ئۆرۈكنىڭ شېخىنى ئولتۇرغۇزۇپ، بىر تال ئالمىنى ئاقلاپ، توغرامچە قىلىپ توغراپ پۇتاقلىق ئۆرۈك شاخلىرىغا سانجىپ، ئۆز خىيالىمدىكى «ئاستى شەربەت سۇلۇق، ئۈستى شېرىن مېۋىلىك» گۈزەل بىر باغنى بىنا قىلدىم.

مەشرەپ باشلىنىپ ئۆز كۈنتەرتىپى بويىچە داۋاملىشىپ، نۆۋەت «گۈل چاي» ئويۇنىغا كەلگەندە، پاششاپنىڭ رۇخستى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئويۇمدىكىنى يىگىت بېشى بىلەن قازى بېگىگە مەلۇم قىلدىم.

مەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم قازى بېگى، يىگىت بېشى. مۇمكىن بولسا بۈگۈنكى مەشرەپتە مېنىڭ مەشرىپىمىزنىڭ يىگىت بېشى، يىگىتلىرىمىزنىڭ سەردارى مامۇتئاخۇن ئاكىغا سۇنىدىغان بىر ئېسىل سوۋغام بار ئىدى. ئىجازەتمىكىن؟

قازى بېگى، يىگىت بېشى:

— ئىجازەت.

مەن: بايىقى تەييارلىقىمنى قولۇمغا ئېلىپ:

«دايىنى ئۇردۇق دۇڭغا،

كەتمەننى ئۇردۇق توڭغا.

مەن بۇ گۈل چايىنى سۇنىمەن.

ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ چوڭغا» دەپ ئۇنى مامۇتئاخۇن ئاكىغا سۇنۇپ تۇرۇپ، «ھۆرمەتلىك مەشرەپ ئەھلى، مەن ئۇزاق يىل ھالال ئەجىر قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، مانا مۇشۇنداق ئاستى شەربەت سۇلۇق، ئۈستى شېرىن مېۋىلىك باغ بىنا قىلدىم. بۇنى بۈگۈن مۇشۇ مەشرەپتە يىگىت بېشىمىز مامۇتئاخۇن ئاكىغا سۇنىمەن. شەرتىم شېرىن مېۋىسىنى يېسە، شەربەت سۈيىنى ئىچسە، بېغىمنى ۋەيران قىلىۋەتمىسە.

قازى بېگى:

— بارىكاللا! مىرخېلىل. ئادەملەردە مانا مۇشۇنداق ئۆز ھالال ئەمگىكىدىن باشقىلارنى بەھىر ئالدۇرۇش پەزىلىتى بولۇشى لازىم. سىزنىڭ ئۆز ئەجرىڭىزدىن پۈتكەن بىر باغنىڭ مېۋىسىنى بارلىق ئەھلى مەشرەپ ئالدىدا بەراۋغا سۇنغانلىقىڭىز تولىمۇ مەردلىكىنىڭ جۇملىسىدىندۇر. مۇنداق ياخشى پەزىلەتلەر يۇرتتا جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئەلگە ئۈلگە قىلىنغاي.

يىگىت بېشى:

— رەھمەت، دەپ مەن سۇنغان «گۈل چاي»نى قولىغا ئېلىپ، توغرامچە ئالمىدىن ئىككى - ئۈچ تال ئۈزۈپ يەپ، سۈيىنى ئىچەي دەپ تۇمشۇقىنى سوزۇپ، سىركايىنى لېۋىگە تەگكۈزۈشكە بۇرنى ئاران تۇرغان ئۆرۈك شېخىغا تېگىپ شاخنى ئۆرۈۋەتتى. ئۆرۈلگەن شاخنى تۈزەيمەن دەپ شاخقا قول ئۇزارتىشى بىلەن تەڭ قولىدىكى سىركاي يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، بايىقى شەربەت كىگىز ئۈستىگىلا تۆكۈلۈپ كەتتى. مەن دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ:

— دات قازى بېگى، پاششاپ بېگى، مېنىڭ ئەرزىم بار، — دەپ قازى بېگىنىڭ ئالدىدا يەكتۈر بولۇپ ئولتۇردۇم.

قازى بېگى:

— قانداقلا ئەرزىڭ بولسا ئېيت.

مەن:

— ھۆرمەتلىك قازى بېگى، مەن شۇنچە يىل ئەجىر قىلىپ، ھالال ئەمگىكىم بىلەن بىنا قىلغان بېغىمنى يىگىت بېشىمىز مامۇتئاخۇن ئاكىغا مېۋىسىنى يەپ، شەربىتىنى ئىچىشكە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئەھلى مەشرەپ ئالدىدا سۇنسام، مېنىڭ ئەمگىكىمنى قەدىرلىمىگەندەك قىلىپ، مېۋىسىنى يەپ، باغلىرىمنى ۋەيران قىلىپ، شەربەتلىرىمنى تۆكۈپ، مېنىڭ خالىس نىيىتىمگە خىلابەن ئىش قىلدى. شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەرزىمگە يېتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قازى بېگى:

— پاششاپ!!!

پاششاپ:

— لەببەي، قازى بېگىم.

قازى بېگى:

— ئەل ئەمگىكىنى قەدىرلىمىگەن جاۋابكار ئوردىغا كەلتۈرۈلسۇن.

پاششاپ:

— خوپ تەخسىر، هازىرلا بەجا كەلتۈرىمەن.

قازى بېگى:

— بىراۋغا هۆرمەت، كۆپكە ھىممەتتۇر. ئەل ئەمگەكنى قەدىرلەش ئادىمىيلىك خىسلەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر، بۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلغۇچىلار جازاغا لايىقتۇر.

پاششاپ:

— قازى بېگى جاۋابكار ئالدىلىرىدا هازىر، سىلىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. قېنى ئەل ئەمگەكنى قەدىرلىمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەلگە بىر ئىبرەت قىلىپ قويسىلا.

قازى بېگى:

— يىگىت بېشى، ئۆزىڭىز بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى تۇرۇقلۇق ئەل هۆرمىتىنى كۆزگە ئىلماي، بىراۋ سۇنغان «گۈل چاي»نى لايىقىدا قايتۇرالماي، كۆپنىڭ نەزەرىدىن چۈشكىنىڭىز نېمىسى؟

يىگىت بېشى (ماموتئاخۇن):

— بىخەستەلىك قىپتىمەن، قازى بېگى جازاغا لايىقمەن.

قازى بېگى پاششاپ بىلەن قۇلاق قېقىشىۋالغاندىن كېيىن.

قازى بېگى:

— يىگىت بېشى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىنى ئۇستىگە ئالدى، خاتالىقىنى تونۇش پوزىتسىيەسىمۇ ناهايىتى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇنى سەۋەنلىك جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئىقتىسادىي جازا بېرىشنى لايىق كۆردۇق. شۇڭا كېلەركى مەشرەپكىچە يىگىت بېشى ماموتئاخۇن 20 تۆگە، 50 كالا، 500 قوي تەييارلاپ، مەشرەپ ئەهلىنىڭ ئالدىغا قويۇپ خاتالىقىنى يۇيسۇن. قېنى سىز بۇ جازاغا رازىمۇسىز؟

يىگىت بېشى (ماموتئاخۇن):

— مىڭ مۇراتە رازىمەن، كېلەركى مەشرەپكىچە دېگەنلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداپ، ئەهلى مەشرەپنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، گۇناهىمنى يۇيۇشقا تەييارمەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى «گۈل چاي» ئويۇنى ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەشرەپلىرىمىزنىڭ ئەينەن ۋە ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

بۇنىڭدىن شۇنى هېس قىلىش تەس ئەمەسكى، «گۈل چاي» ئويۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئىجتىمائىي ئەهۋاللارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناهايىتى كەڭ.

ئۇ ئۆزىنىڭ هەجىمىدىن نەچچە يۈز هەسسە چوڭ مەزمۇنلارنى ئۆزىدە روشەن ئىپادىلەپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى هەممە تەرەپلەرنى تەربىيەۋى ئەهمىيىتى زور بولغان ۋاستىلەر ئارقىلىق قىزىقارلىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەردە كۆرۈلگەن سەۋەن - خاتالىقلارغا ئەملىنىڭ چوڭ ياكى كىچىكلىكىگە قارىماي دەل ۋاقتىدا تەنبىھ ۋە جازا بېرىپ، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئويۇن ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

نۆۋەتتە ئوينىلىۋاتقان مەشرەپلىرىمىز بۇ تۈر مەشرەپ تەركىبىي قىسىملىرىدىن چىقىرىپ تاشلىنىپ، يېتەرلىك نەزەرگە ئېلىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇ هال ئۇيغۇر مەشرەپلىرىمىزنى كەمتۈكلۈك گىردابىغا قىستاپ ئاپىرىپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان يەتتە ئەزايى ساق بالىنى بىخەستەلىكىمىزدىن ئىستىماق قىلىۋالغىنىمىزغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئۆزۈم بىۋاستە تەشكىللەش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان ئىككى نۆۋەتلىك ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە ئوينالغان «گۈل چاي» ئويۇنىنىڭ ئەمەلي كۆرۈنۈشنى ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن سۇنۇش ئارقىلىق ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدىكى «گۈل چاي» ئويۇنىنىڭ ئەمەلي ئورۇنلىنىش ئەهۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

پاششاپ:

— مۆهتەرەم قازى بېگى، يىگىت بېشى مەشرەپ ئەهلىنىڭ مۇنداق بىر تەكلىپى بار ئىكەن. بايان ئەيلىسەم رۇخسەتمىكىن.

قازى بېگى:

— قېنى رۇخسەت.

پاششاپ:

— بارلىق مەشرەپ ئەهلى ئوتتۇز ئوغۇل، قىرىق

قىزغا ۋاكالىتەن ئەزىم، گۈلمىرە، كەرىم، گۈلگىنەلەرنى «گۈل چاي» ئويۇنى ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

يىگىت بېشى:

— مەشرەپ ئەھلىنىڭ بۇ تەلىپى ناھايىتى ئورۇنلۇق تەلەپ ئىكەن. دەرھال بەجا كەلتۈرۈلسۇن.

گۈلگىنە: گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.
قاراڭغۇ تۈن يورۇيدۇ،
پارلاپ تۇرغان ئاي بىلەن.
سىزگە نۇسرەت تىلەيمەن،
بىر پىيالە چاي بىلەن.

ئەزىم: بىر پىيالە چاي بىلەن،
كۆڭلۈمنى ئالاي دەمسىز.
سېلىپ ئوتقا - ئاتەشكە،
بالاغا قالاي دەمسىز.

دوستلار ئارا چاي تۇتۇش،
ياخشىلىقتىن بېشارەت.
مەنمۇ سىزگە چاي تۇتۇپ،
قىلاي چەتكە ئىشارەت.

گۈلمىرە: قوبۇل قىلماي بۇ چاينى،
چەتكە چىقماي قويامۇ؟
ياخشىلىقنى كۆرمىگەن.
كۆزىڭىزنى ئويامۇ؟

ئاسمانغا چىقالامسىز،
يۇلتۇزغا قونالامسىز.
پەرھات كەبى تاغ كېسىپ،
چۆلگە سۇ قويالامسىز؟

كەرىم: لاچىن تۇرسام گاڭ قانات،
ئاسمانغا چىقالماتىم.
پەرھاتتەك بولالمسام،
بۇ چاينى ئالالامتىم.

«گۈل چاي ئويۇنى» مۇشۇ تەرىزدە داۋاملىشىپ، دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كەرىم قولىدىكى گۈل چاينى

«قىزىلگۈلۈم قات - قات ئېچىل،
ياڭزاڭنى كۆرسەت.
يىگىت بولساڭ كەتمەن ئېلىپ،
بىگىستىنى كۆرسەت» دېگەن قوشاق بىلەن بېپەرۋا

هالەتتە ئەزىمگە سۇنىدۇ. ئەزىممۇ بىر خىل مەنىستىمەسلىك نەزەرى بىلەن گۈل چاينى ئېلىۋاتقاندا، گۈل چاي يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان زۇغۇي (چېقىمچى) ئوردىغا دات سالغىنچە كىرىپ كېلىدۇ.

زۇغۇي:

— دات قازى بېگى، يىگىت بېشى. بۇ ئىككى يىگىت مەشرەپ قائىدىسىنى بىلەمدۇ يوق؟ بۇلار بىر - بىرىگە سورۇندىلا قىر كۆرسىتىشىپ، «گۈل چاي»دىن ئىبارەت بۇ ھۆرمەت يوسۇنىنى بىر - بىرىگە قوش قوللاپ تۇتماي، دوستلۇق قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سورۇن ئەھلىنىڭ قىزغىن كەيپىگە سوغۇق سۇ سەپتى. بۇ ئىككى قائىدىسىزنىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا دەررىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ، ئوتتۇز ئوغۇل ئارىسىدا سازايى قىلىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلماق جايىزدۇر.

زۇغۇي:

— ياق، ياق بەگلىرىم بۇنىڭدىكى سەۋەبلىكنى ھەر ئىككى تەرەپكە ئارتىشقا بولمايدۇ. بۇ سەۋەبلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئەزىمنىڭ مەسئۇلىيىتى تولىمۇ ئېغىردۇر. ئۇ كىبىر كۆرسىتىپ، باشقىلارنى مەنسىتمەي، ئېچىل - ئىناقلىقنىڭ نىشانى بولغان «گۈل چاي»نى كەرىمگە قوش قوللاپ تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن، يوسۇنىمىزغا يات بۇ ئۇياتلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك قىزىۋاتقان ئويۇننىڭ پەيزىنى ئۇچۇردى. شۇڭا بۇ جاۋابكارلىقنى ئەزىمدىن سۈرۈشتۈرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

يىگىت بېشى:

— ئەجەب مۇرەككەپلىشىپ كەتتىغۇ بۇ دېلو، قانداق قىلساق بولۇر قازى بېگى؟

قازى بېگى:

— مېنىڭچە بۇ كۈتۈلمىگەن سەۋەبلىكتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىردىن گاڭگۇگىلۇق تالاشقىنى ئېنىق. شۇ بائىستىن بۇ ئاقىۋەت كېلىپ چىقتىلەر. شۇڭا بۇ ئىككى سىياق بۇقىنى كۈچ سىنىششقا بۇيرۇيمەن. ئەگەر كىمدە

كىم يېڭىپ چىقسا، شۇنىڭ گۇناھى ساقىتتۇر. يېڭىلىپ قالغۇچى مەشرەپ ئەھلىگە بەش خىل ھايۋاننىڭ تاۋۇشىنى دوراپ، ئويۇن كۆرسىتىپ ئۆز گۇناھىنى يۇيسۇن.

يىگىت بېشى:

— پاششاپ بۇ ئىككەيلەنگە دەرھال كۈچ سىنىشىش مەيدانى ھازىرلانسۇن.

پاششاپ:

— پەرمان بەردارمەن.

پاششاپ بۇ ئىككى يىگىتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بويۇنلىرىغا پوتا سېلىپ كۈچ سىنىشىشقا كاماندا بېرىدۇ.

پاششاپ:

— قېنى يىگىتلەر ئاڭلاڭلار كىمكى مۇشۇ سىزىقتىن بىر قەدەم ئالدىغا تارتىپ كەتسە، شۇ يەڭگەن بولىدۇ. چۈشەندىڭلارمۇ ؟

كۈچ سىناشقۇچى يىگىتلەر:

— چۈشەندۇق.

پاششاپ:

— ئۇنداق بولسا كۈچ سىنىشىش باشلانسۇن. قېنى يىگىتلەر بايىقى غادايغان بوينۇڭلارنىڭ كۈچىنى بىر سىناپ بېقىڭلار.

ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدىكى «گۈل چاي» ئويۇنىنىڭ يۇقىرىقى شەكلىدىن باشقا يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ «گۈل چاي تۇتۇش ۋە گۈل چاينى قايتۇرۇش» يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە بېيىت بىلەن «گۈل چاي»نى تۇتۇشىدۇ. «گۈل چاي» بېيىت بىلەن قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، مەلۇم بىر چەككە يەتكەندە، «گۈل چاي» قايتۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدا «گۈل چاي»نى كىم - كىمگە تۇتقان بولسا، «گۈل چاي»نى ئالغان ئادەم تۇتقان ئادەمگە قايتۇرۇشى شەرت. مۇبادا «گۈل چاي» ئۆز ئىگىسىنى تاپالماي، قېيىپ كېتىپ قالسا، «گۈل چاي»نى خاتا قايتۇرغۇچى يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ تۈرلۈك جازالارنى قوبۇل قىلىشقا ھازىرلىنىشى لازىم. بۇ خىل سەۋەنلىككىمۇ مەشرەپنىڭ تەرتىپى بويىچە ئىقتىسادىي جازا ياكى سەۋەنلىك جازاسى بېرىلىدۇ ياكى بولمىسا بىرەر ماھارەت كۆرسىتىپ بېرىپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ.

دېمەك «گۈل چاي» ئويۇنى مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تاۋلاپ، ئۇلارنىڭ ھازىر جاۋابلىق ئىنكاسىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، مەشرەپلىرىمىزنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، كىشىلەرگە جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلاملىق ئاتا قىلىش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، كۆڭۈل ئىزھار قىلىش، شۇنداقلا ئۇچۇر يەتكۈزۈش رولىغىمۇ ئىگە. خۇلاسىلىگەندە ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدىكى «گۈل چاي» ئويۇنىنى ئەينەن ۋە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەشرەپلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، يېڭى - يېڭى مەنىلەر بىلەن بېزەپ، مەزمۇنىنى مولLAشتۇرۇش، شەكلىنى خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭلەشتۈرۈش، ئورۇنلىنىش جەھەتتىن زامان، ماكان تەلپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، نۆۋەتتىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، شۇنداقلا قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ جىددىي تەلپى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر مىللەت تارىخىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىش، چۈشىنىش جەھەتلەردىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇنگۈزەر مەكتىپىدە)


## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2009 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شەپەرەك، ئوغرى ۋە بۆرە

**مۇھەممەت ئىمىن**

زەڭگەر كۆكتە تولۇن ئاي بالقىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن كائىنات كۈمۈش نۇرغا چۆمۈلدى. يەر-زېمىن ئۈستىگە ئاپپاق تون يېپىنىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. پاقا ۋە چېكەتكىلەر شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا ئەللەي ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. كۈندۈزى قاپقاراڭغۇ كامارلاردا ئۇخلاپ ئۇيقۇسىغا قېنىۋالغان شەپەرەك قورسىقىنى توقلىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىۋېدى، سۇتتەك ئايدىڭدا كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. ئۇ دەرھال كەڭ قانىتى بىلەن كۆزلىرى ئۈستىگە سايىۋەن ياساپ نۇرنى توسۇپ، ئايىنى پۈخادىن چىققۇچە تىللاپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، تام تۈۋىدە كۈچەپ يەرگە تەپكىنىچە ئاسمانغا قاراپ چالۋاقاۋاتقان ئوغرىنى كۆرۈپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — شەپەرەك تۆۋەنگە سەل ئېگىشىپ ئەدەپ بىلەن سورىدى.

— نېمە بولاتتىم؟ — دېدى ئوغرى كەينىگە بۇرۇلۇپ غەزەپ بىلەن، — ھەممىسى ئاشۇ ھەسەتخور تولۇن ئاينىڭ كاساپىتى بولمامدۇ! مېنى ئۇدا بىر ھەپتە تۈزۈك ئوقەت قىلغىلى قويمىدى، ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم. يەنە مۇشۇنداق ئايدىڭ بولۇۋېرىدىغان بولسا...

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى شەپەرەك ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مېنىڭ ئۈچەيلىرىممۇ قورسىقىمغا چاپلىشىپ قالدى. شۇ تاپتا يۇمران بالىنىڭ بىر قوشۇق قېنى بولغان بولسا، گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتسەم تازا ھۇزۇرلىناتتىمدە! ئەپسۇسكى ئاشۇ تولۇن ئاي دېگەن بىر نېمە ئىچى تارلىق قىلىپ ھەر كېچىسى قېرىشقاندەك ئاسمانغا چىقىۋالغىنى چىقىۋالغان. ئۇ بىكاردىن بىكار يەر يۈزىنى يورىتىمەن دەپ بۇنداق ئەخمەقلىق قىلىپ ئۆزىنى ئۈپرىتىپ يۈرگۈچە قارا بۇلۇتتىن ئايۋان ياساپ، ئاق بۇلۇتنى ياستۇق، تۇماننى چۈشەك قىلىپ ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىسا بولمامدىغاندۇ؟

— شۇنداق قىلسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى ئوغرى شەپەرەكنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — پەممىچە بۇ دۇنيادا يورۇقلۇقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان چوڭ ئاپەت بولمىسا كېرەك، دېمىسىمۇ ئايدىڭ بولۇپ ئەتراپ يورۇپ كەتسىلا كىشىلەر ھەرىكىتىمنى شۇنداق ئاسان سېزىۋالىدۇكى، قوينىڭ قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ تۇتۇلۇپ قالىمەن. مۇشۇنداق چاغلاردا پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ:

«يوقالسۇن يورۇقلۇق، ياشىسۇن زۇلمەت! ئوغرىلار بېشىغا چۈشمىسۇن كۈلپەت!» دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىپ كېتىدۇ!

— شۇنداق، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا قاراڭغۇلۇقنى ياخشى كۆرىمەن! — قاتتىق ھاياجانلانغانلىقتىن بولسا كېرەك، شەپەرەكنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، تالا بەك يورۇق بولسا كۆزۈم تازا ئېنىق كۆرەلمەي قالىدۇ، ۋىژىلداپ پەرۋاز قىلالمايمەن. خەقلەرنىڭ يورۇقلۇقنى مەدھىيىلىگەنلىكىگە ھەيرانمەن. تۇۋا، يورۇقلۇقنىڭ نېمىسى ياخشىكىنتاڭ؟ بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىقتە، ئەخمەقلىق! زۇلمەت دېگەن نەقەدەر ياخشى-ھە! شۇڭا كۆزۈمنى يۇمسىلا قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر چۈشۈمگە كىرىپ قالىدۇ، ھەتتا ئوڭۇمدىمۇ

زۇلمەت چۈشەيمەن!

— بۇ نىجىس ئاينى ئۈزۈۋېلىپ پاتقاققا پاتۇرۇۋەتكىلى بولماسمۇ؟

— بۇ ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، — دېدى شەپەرەڭ ئوغرىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — لېكىن «ئامالنى قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! ئايدىڭدىمۇ ئۆز ئوقتىمىزنى ئاقتۇرۇشنىڭ بىرەر چارىسىنى تېپىپ چىقىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقساق قانداق بولاركىن؟

— خۇدا ساقلىسۇن، — دېدى ئوغرى دىر-دىر تىترىگىنىچە، — خېلى بۇرۇنلا ئايدىڭدا تام تەشمەسلىككە قەسەم قىلىۋەتكەنمەن. مېنىڭ ئوقتىم ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا ئاز-تولا ئاقىقان بىلەن ئايدىڭدا زادىلا ئاقمايدۇ. بىر قېتىم مۇشۇنداق ئايدىڭدا قارامىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆلگۈدەك تاياق يېدىم، ئۆي ئىگىسىنىڭ لالما ئىتى پايخىنىمنى ئېزىۋەتكىلى تاس قالدى. ھازىر شۇلارنى ئويلىسام لا پۇتۇن ئەزايىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتىدۇ، قورقۇنچلۇقتا بىر ھازاغىچە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالىمەن.

— ئەگەر مەن ئايدىڭدىمۇ ئوقتىڭنى ئوخشاشلا ئاقتۇرىدىغان ئىشەنچلىك چارە تېپىپ بەرسەم، ئوغرىلىغان قوي-پاقلانلارنىڭ قېنىنى شورىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلامسەن؟ — شەپەرەڭ لەۋلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئالدىن دەپ قوياي، كېيىن پۇشايمان قىلىپ ۋەدەڭدىن يېنىۋالساڭ بولمايدۇ جۇمۇ!

— راستىنلا شۇنداق ئەپچىل چارە تاپالىساڭ بولىدۇ، ماقۇل!

— ئاڭلىشىمچە، بۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ ئەجدادلىرىنى كۆك يايلىلىق بىر بۆرە خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قاپتىكەنمىش. سەن شۇنداق بۆرە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ قوي ئوغرىلىساڭ، ئۇلار جەزمەن ساڭا چېقىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆرىنىڭ سۈرى بار ئەمەسمۇ، ھەممە ئادەم قورقىدۇ. خۇدامۇ بۆرىنىڭ قوي ئوغرىلاپ يېيىشىگە رۇخسەت قىلغان. بۆرە بولۇۋالساڭ ھەممە ئىشىڭ يوللۇق بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ! — ئوغرى كالتە قوللىرىنى كېرىپ ئۇسسۇل ئوينىغاننى دوراپ پىرقىرىۋەتتى، — ئەتىلا بۆرە تېرىسىدىن بىرنى تاپاي، قېنى بۇ چارىنىڭ قانداقلىقىنى بىر سىناپ كۆرمەيمىزمۇ!

— ئەمىسە، ئەتە يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشايلى!

ئوغرى شەپەرەڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇۋۇچىنى ئىزدەپ تاپتىدە، يوغان كۆلرەڭ بۆرە تېرىسى سېتىۋالدى. يولبويى قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتتى:

ياشىسۇن شەپەرەڭ، ياشىسۇن بۆرە!
قان قۇسسۇن تايغانلار، بولالماي ئۆرە!
كۆچلۈكتۇر ئوغرى مال ئىگىسىدىن كۆپ،
چىش بولسا ياغ چايناپ بولۇپ بەگ-تۆرە!

ئۇ مىلىك تەسلىكتە كۈننى كەچ قىلىپ، كېلىشىپ قويغان مۆھلەتتە شەپەرەڭ ئالدىغا باردى. شەپەرەڭمۇ ئۇنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇراتتى. ئوغرى ئۈستىگە كۆلرەڭ بۆرە تېرىسىنى يېپىنىپ، تۆت ئاياغلىق بولۇپ ئۆملەپ ماڭدى. شەپەرەڭ «بۆرە» بېشىغا قونۇپ مىختەك جايلىشىۋالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار قوي-قوزىلار ئارىلاپ-ئارىلاپ مەرىشىپ قويۇۋاتقان قوتان يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئوغرى كەكسىنى چىقىرىپ، ھەش-پەش دېگۈچە قېلىن تامنى تېشىپ، يوغان ساغلىقتىن بىرنى ئوغرىلاپ چىقتى. ئەمدى قاچاي دەپ تۇرۇشىغا قوتان ساقلىغۇچى ئىتنىڭ ئەنسىز ھاۋشىشى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ھاۋششىغا نۇرغۇن ئىتلار تۇشمۇتۇشتىن ئۈن قاتتى، ئۇلار قېچىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا بىر توپ ئىتنىڭ قورشاۋىدا قالدى. بۆرە تېرىسىنى يېپىنىۋالغان ئوغرى شەپەرەڭنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تىترىگىنى زورىغا بېسىپ، ئاچ قالغان چىلبۆرىنى دوراپ قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىلەن ھۇۋلىدى، قوينى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئۆزىنى ئۇيان-بۇيان ئۇردى. ساغلىق قوينى بويىندىن باغلاپ سۆرىيەلەيدىغان بۇنداق غەلىتە بۆرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىتلار دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قېلىشتى. ئۇلار شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ، مەھەللە چېتىدىكى جاڭگالغا بېرىۋالدى.

— ئەقلىڭگە باركاللا! — دېدى ئوغرى دېمىنى ئې-لىۋالغاندىن كېيىن دات بېسىپ قالغان تۆمۈر رەڭگىدىكى

MIRAS

تاتىراڭغۇ يۈزىدىن كۆتمەك ئىڭىكنى بويلاپ چېپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرلەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، — سېنىڭ بۇ چارەڭ ھەقىقەتەن بولىدىغان چارە ئىكەن جۇمۇ، جانغا تازا ئەسقاتتى! بىراق قوتۇر ئىتلارنىڭ كۆپلۈكى يەنىلا كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۆرىلەر كۆپرەك بولسا بولماسمىدى؟ ھەي ئىسىت!

— ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق بىر نېمىكەنسەنغۇ سەن! — دېدى شەپەرەڭ نارازى بولۇپ، — بۆرە كۆپ بولۇپ كەتسە ساڭا قوي ئاشامدۇ؟ ئۇ چاغدا قوينىڭ مىزىلداك سان گۆشىنى ھۇزۇرلىنىپ چايناش ئورنىغا يېرىڭدا چاينايسەن، يېرىڭدا!

— راست، بۇ گېپىڭمۇ خېلى ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ جۇمۇ! — دېدى ئوغرى ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىگە ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تەن بېرىپ، — بىراق مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئىچى تار، ھەسەتخور ئىتلاردىن بۆرە كۆپرەك بولسا يۈرىكىمىز توقراق بولۇپ، ئوقتىمىز تېخىمۇ بەكرەك ئاقامدىكىن دەپ ئويلىغاندىم.

— مانا، «جىنىنىڭ گېپىنى قىلسا جىن كېلىدۇ» دەپ، راست بۆرىدىن بىرسى كەپ قالدى!

ئوغرى شەپەرەڭنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ، بېشىنى يان تەرەپكە بۇراپ، يوغان بىر چىلبۆرىنىڭ بەش-ئالتە ماڭدام يىراقلىقتا ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ھۇ، قۇيرۇق كۆرستىپ ئۆپكە ساتىدىغان ساختىپەز! — دېدى بۆرە كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، — ئەمدى سەن بۇلغىمىغان مېنىڭ نامىم قاپتىمۇ؟ بەلكى سەن «ئۆزۈڭمۇ ئوغرىغۇ، مېنى ئەيىبلەپ نېمە قىلىسەن؟» دەيدىغاندۇرسەن. توغرا، مەنمۇ ئوغرى، خەلقنىڭ قوي-قوزىلىرىنى ئوغرىلاپ يەيمەن. لېكىن مەن ساڭا ئوخشاش كۆز بويامچىلىق، ساختىلىق قىلىدىغان، ئۆز گۇناھىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويىدىغان ئوغرى ئەمەس، ئوچۇق-ئاشكارا ئوغرىمەن. ئوغرىلىق قىلىۋېتىپمۇ يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ: «ئوغرىلىق قىلىشىم ئۇنداق يوللۇق، بۇنداق يوللۇق، ئوغرىلىق دېگەننى قولىدىن ئىش كېلىدىغان پەمى بار، جىگىرى بار، كارامىتى بارلار قىلالايدۇ، ئوغرىلارنى ئەيىبلەش ۋە تۇتۇش ھەسەتخورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس...» دەپ بىر تالاي سەپسەتە سېتىپ كاسىلدىمايمەن، ئۆزۈمنى نومۇسسىزلارچە، زورمۇزور ئاقلاپ يۈرمەيمەن، قىلمىشىمنى يوشۇرمايمەن، يەيدىغانني يەپ بولۇپ تېنىۋالمايمەن، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا سەندەك نىقابقا ئورىلىۋالغان ساختىپەز ئوغرىدىن كۆپ ئالىيجانابمەن.

— ھەممىمىز تەقدىرداشمىز، قەلبداشمىز، — دېدى شەپەرەڭ غەزەپلەنگەن بۆرە ئالدىدا دوقۇسلىتىپ سەجدە قىلىۋاتقان ئوغرىنىڭ بېشىدىن دۈمبىسى تەرەپكە يۆتكىلىۋېتىپ، — ئىچكى جېدەل-ماجىرانى ۋاقتىنچە بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئورتاق دۈشمىنىمىزگە قارشى تۇرساق قانداق؟ مەسىلەن، تولۇن ئاينى قارا بۇلۇتتىن زىندان ياساپ سولاپ قويساق، تايغانلارنىڭ تېرىسىنى تەتۈر شىلساق...

— سەندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ئەشەددىي دۈشمەن بولامدۇ! — دېدى بۆرە ئۆتكۈر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قۇشقاچنى كۆرسەڭ قۇشقاچ بولۇۋالىسەن، چاشقاننى كۆرسەڭ چاشقان! سەندەك ئىككى يۈزلىمچىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي كىمنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈلۈك!

— ئىككى يۈزلىمچى بولسام نېمە بوپتۇ؟ — دېدى شەپەرەڭ بۆرىنىڭ گېپىگە قايىل بولماي، — مۇھىمى جان باققان ئەۋزەل ئەمەسمۇ! شۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، ئۆزۈمنى قۇشقاچ ياكى چاشقان دېيىش نىھايەت بىر ۋاستە، ھەقىقىي مەقسىتىم شۇ ئارقىلىق ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىش، قورساق تويغۇزۇش! بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئېپى كەلسە سىزمۇ تايغان بولۇۋېلىپ پادىغا يېقىنلىشىۋالسىڭىز كۇنىڭىزنى پادىشاھتەك ئۆتكۈزەلەيسىز، ھازىرقىدەك ئېچىن-توقۇن قالمايسىز!

— ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئۆز نەسلىمدىن تانمايمەن! — دېدى بۆرە جىددىي يوسۇندا، — بۇنداق قۇۋلۇق-شۇملۇقلار سىلەر بىلەنلا كەتسۇن. بۇ ئىپلاس مەرەزنى باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشۇڭلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىلەرنى بالدۇرراق بارىدىغان جايىڭلارغا يولغا سېلىپ قويغىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ!

— توختاپ تۇرۇڭ! — دېدى ئوغرى ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۆرىگە يېلىنىپ، — بۇرۇنقى زاماندا سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىز مېنىڭ ئەجدادلىرىمنى خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قاپتىكەن. شۇ مەندىن ئېيتقاندا ئارىمىز-

دا ئۇزاقتىن بۇيان بۇيۇك دوستلۇقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق، ئاشۇ دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپمۇ بولسا ماڭا رەھىم قىلىڭ، جازالىغۇڭىز كەلسە مۇنۇ شەپەرەڭنى جازالاڭ، ماڭا ھەممىنى شۇ ئۆگەتكەن!

— ھەممە گۇناھنى ماڭا ئىتتىرىپ قويۇپ ئۆزۈڭ قۇتۇلۇۋالماقچىمۇ؟ — دېدى شەپەرەڭ زەردە بىلەن، — قانداق يۈزسىز بىر نېمىسەن؟! بۇنداق ئەسكىلىكنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام سېنى ھەرگىزمۇ ئۆزۈمگە يېقىن يولاتمايتتىم! خەپ توختا!

— تالاش-تارتىشنى ئۇ ئالەمگە بارغاندا قىلىۋالارسىلەر، — دېدى بۆرە مەسخىرە ئاھاڭى بىلەن، ئاڭغىچە ئوغرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە ئىزاھات بېرىۋالاي: ئارىمىزدا ئاشۇنداق دوستلۇقنىڭ بار-يوقلۇقىدىن خەۋىرىم يوق. لېكىن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىمدىن بۇيان ئادەملەرنىڭ مېنى قارا ملتىق ۋە قاپقان بىلەن كۈتۈۋېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىلا بىلىمەن. ئېھتىمال مېنىڭ ئەجدادلىرىم ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالغانمۇ بولغىيتتى، لېكىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئۇ چاغدىكى ئادەملەرمۇ سەندەك مۇشۇنداق ساختىپەز، ئىككى يۈزلىمچى، نائىنساپ، تۇزكور، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان نائەھلى بولىدىغان بولسا ھەرگىز قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولاتتى! سېنى ئامان قويىدىغان بولسام يەنە قانچىلىغان پاك كىشىلەرنىڭ نامىنى بۇلغىشىڭنى، قانچىلىغان ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقىشىڭنى كىم بىلسۇن؟ ئۇنىڭدىن مۇنۇ قوي ئورنىدا سېنى يەۋەتكىنىم ملىڭ ئەۋزەل!

بۆرىنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شەپەرەڭ چاققانلىق بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى. تولۇق ئاي نۇرىدا كۆزلىرى قامىشىپ كېتىپ، قېرى جىگدىگە قاتتىق ئۇسسۇپ سالدى-دە، تىك موللاق چۈشۈپ تىن تارتماي ئۆلدى. بۆرە تېرىسىگە ئورىنىۋالغان ئوغرى ئۆزى زوق-شوخ بىلەن ناخشا ئېيتىپ ماختىغان ئاشۇ بۆرىنىڭ يېمى بولۇپ كەتتى، بۆرىمۇ ئارقىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگەن ئوۋچى ئوقىدا قانغا مىلىنىپ يەرگە يىقىلدى.

## چاتقال بىلەن شەمشاد

چاتقاللىقتىكى پاكار-پاكار چاتقاللار ئىللىق باھار بىلەن تەڭ قىشلىق ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە يېقىن جايدا ئۈنۈپ چىققان بىر تۈپ شەمشادقا ھەيران بولغان ۋە قىزىقسىنغان ھالدا قاراپ قويىدى. ئاندىن ئۇنىڭ يۇمران، ئەۋرىشىم، ئاجىز غولىنى ئۇزاققىچە زاڭلىق قىلىشتى، ھارغاندىن كېيىن يەنە ئۆگدەشكە باشلىدى. ھەش-پەش دېگۈچە باھار كەينىدىن ياز، ياز كەينىدىن كۈز كەلدى. بۇ چاغدا شەمشاد خېلى بوي تارتىپ، چاتقاللار بىلەن تەڭلىشىشكە ئاز قالغانىدى. چاتقاللار قىزىرىشقا باشلىغان كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا چۈچۈپ قاراشتى. ئاخىرىدا «ھەرقانچە ئۆسسىمۇ بىزدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ پەسكويغا چۈشتى. پەسىللەر بىر قانچە قېتىم ئالماشقاندىن كېيىن، شەمشاد بۇلۇت باغرىنى يېرىپ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈر-



www.uyghurkitap.com





دى. ئۆزىنىڭ بويىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن شەمشادنىڭ قاۋۇل بەستىگە قاراپ چاتقاللارنىڭ ئىچى ئاداپ كەتتى:

— ھەي ئىست، — دېدى جىغان ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ، — بۇ ئۇزۇنتۇرانىڭ بۇنداق ئېگىز ئۆسۈپ كېتىشىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ئۇنى يۇمران چېغىدىلا تىكىنىمنى سانجىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەسمىدىم؟!

— شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى پىلەك ھەسەت بىلەن تولغىنىپ، — ئۇ چاغدا بۇ ئاۋاقنىڭ بۇنچىلا يوغىناپ كېتىشىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان دەيسەن؟ ئەمدى ھەرقانچە پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— ئەمىسە، ئۇنىڭ مۇشۇنداق گىدىيىۋېلىشىغا يول قويۇۋېرىدىكەنمىزدە! — زەردىسى قايناپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغان چىڭگىلىك غەزەپ بىلەن قول شىلتىپ، بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كەتكەن پىلەككە ھومايدى، — بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىشىمىز، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويۇشىمىز كېرەك!

— قانداق قىلىپ؟ — پىلەك ھەيران بولۇپ سوردى.

— شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ؟ — ئازغان چىڭگىلىكتىن ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ، مەسخىرە تەلەپپۇزىدا ئېيتتى، — جىغان بىلەن ئىككىمىز ئۆتكۈر تىكەنلىرىمىزنى سانجىيمىز، چىڭگىلىك بىلەن سەن ئۇنىڭ غولىنى مەھكەم چىرمىۋالسەن، كۈچۈڭلار يەتسە بوغۇپ، چىرماپ ئۆلتۈرۈۋېتىسلەر، شۇنداق قىلىپ ھېچ بولمىغاندا ئۇنى يەنە ئۆسكىلى قويمىساقمۇ ھېساب!

— ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بىر - بىرىمىزگە پۇتلاشمايمىزغۇ! — ئۇزاقتىن بۇيان جىم تۇرۇپ كەلگەن شەمشاد ئاخىر ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى، — مەن ئۆسسەم سىلەرگە نېمە زىيان، ئۆسمىسەم سىلەرگە نېمە پايدا؟ ھەممىمىز بىر زېمىندا يىلتىز تارتىۋاتقاندىكىن بىر - بىرىمىزنى قەستلەپ يۈرگۈچە ئەپ ئۆتسەك بولمامدۇ!

— بىزنى تۇسۇۋالسەن! — دېدى جىغان بارلىق چاتقاللارغا ۋاكالىتەن، — بىزمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەيلىدە!

— سىلەر كۈنچىقىشتا، مەن كۈنپېتىشتا تۇرسام، — دېدى شەمشاد سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — كۈن نۇرىنى قانداقمۇ توسۇپ قالالايمەن؟

— ئىشقىلىپ، — جىغان گاھ پوكاندەك قىزىرىپ، گاھ دات باسقان تۆمۈردەك تاتىرىپ قورسىقىدىكى گەپنى دەۋەتتى، — سېنى كۆرسەكلا زەھەر - زوقۇم يۇتۇۋالغاندەك ئازابلىنىپ كېتىمىز، كۈنىمىز كۈن ئەمەس، ئەپ ئۆتەيلى دېسەك بىزدىن پەسرەك تۇر! ئەقەللىيسى، يېنىمىزدا مۇشۇنداق چوقچىيىپ تۇرۇۋالساڭ، كىممۇ بىزگە كۆز قىرىنى سېلىپ قويىدۇ دەيسەن؟!

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا)

# دۆلەت ئىلمى هەققىدە









## جى شيەنلىن

ئېلىمىزدىكى داڭلىق ئەدىب، تىلشۇناس، مائارىپشۇناس، تەرجىمەشۇناس جى شيەنلىن ئەپەندى 1911 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شەندۇڭنىڭ لىڭچىڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. جى شيەنلىن ئەپەندى 12 دۆلەت تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ هايات چېغىدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جى شيەنلىن ئەپەندى 2009 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى 98 يېشىدا ۋاپات بولدى. تەخەللۇسى شىپۇ، يەنە بىر تەخەللۇسى چىجۇاڭ.

هازىر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچە هەر خىل بولۇپ كەتتى. مېنىڭچە، دۆلەت ئىلمى تار مەنىدىكى ئەمەس، كەڭ مەنىدىكى «چوڭ دۆلەت ئىلمى» كاتېگورىيەسىدە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئاندىن دۆلەت ئىچىدىكى هەرقايسى جايلار ۋە 56 مىللەت ياراتقان مەدەنىيەتلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ. هەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ هەر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بىرلىكتە جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئورتاق گەۋدىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. هەر خىل مەدەنىيەتلەر بىر-بىرىنى تولۇقلاپ جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى هاسىل قىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، هەرقايسى جايلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىلگىرى هەدېسىلا «خۇاڭخې دەرياسى مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى» دەيتتۇق. مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. چاڭجياڭ دەرياسى ۋە باشقا رايونلار مەدەنىيەتلىرىنىڭ هەممىسى دۆلەت ئىلمىنىڭ دائىرىسىدە بولۇشى، دۇنخۇاڭشۇناسلىقمۇ دۆلەت ئىلمىنىڭ ئىچىدە بولۇشى كېرەك.

دۆلەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى يېپىق هالەتتە بولسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ: بىرى چىقىرىش، يەنە بىرى قوبۇل قىلىش، دۇنخۇاڭ ئىلمى قوبۇل قىلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەدەنىيلىك

دەرىجىسى ناھايىتى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى دۇنخۇاڭغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇددا دىنى دۆلەت سىرتىدىن كىرىپ، ئۇزاق يىللىق ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇددا دىنى بولۇپ شەكىللەنگەن. دۇنخۇاڭ ئىلمىنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن مەزمۇن بۇددىزمغا تەۋە، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيەتلەرمۇ مەۋجۇت. ئۇ قەدىمىي جۇڭگو قوبۇل قىلغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاخىرقى بېكىتى. ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتسەك مۇنداق بېكەت ئۇچرىمايدۇ. توخار يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت»① ناملىق سەھنە ئەسىرى دۆلەت ئىلمى ھېسابلىنامدۇ، يوق؟ ئەلۋەتتە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى توخار يېزىقى ئەڭ بۇرۇن جۇڭگو شىنجاڭدا بايقالغان. توخار تىلى قەدىمىي جۇڭگونىڭ بىر خىل تىلى، ئۇنى باشقا يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر دۆلەت ئىلمىنى خەنزۇ مەدەنىيىتى دەپلا چۈشىنىدۇ. مېنىڭچە جۇڭگو مەدەنىيىتىدە جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ بىر ئۈلۈش نەرسىلىرى بار. جۇڭگو مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئورتاق بەرپا قىلغان. بۇ 56 مىللەت ياراتقان مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىلمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇنداقلا، جۇڭگو مەدەنىيىتى ئىچىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا جۇڭگو مەدەنىيىتىگە سىڭىشىپ كەتكەن سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىمۇ دۆلەت ئىلمى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى دۆلەت ئىلمى تەتقىقاتىمىز تېخى يېڭى. دۆلەت ئىلمى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەزمۇنلار تولۇق قېزىلمىدى. دۆلەت ئىلمىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەرگىزمۇ قەدىمكىنى تىرىلدۈرۈش ئەمەس. ھەر قانداق نەرسە ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. دۆلەت ئىلمىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەۋھەرلەرنى تاللاپ ئېلىشىمىز، داشقاللار ئارىلىشىپ قالغان بولسا چۆرۈپ تاشلىشىمىز لازىم. ئومۇمەن ئارقىغا ئەمەس ئالغا قاراش كېرەك، ئارقىغا قاراشتىكى مەقسەتمۇ ئالغا قاراش ئۈچۈندۇر. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەرمۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئۈزلۈكسىز سىڭىشىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ۋاقىت چېكى بولمايدۇ. كۇڭزى ئېقىمى (儒家)، تەرىقەت ئېقىمى (道家) دېگەنلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، بۇددا دىنىمۇ شۇنداق. بۇددا دىنىنى سىرتتا قالدۇرۇش توغرا ئەمەس.

## چوڭ دۆلەت ئىلمىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا

نەشرىيات ساھەسى ئىلگىرى نەشر قىلغان جۇڭگو پەلسەپە تارىخى، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى، جۇڭگو تېبابەت تارىخى قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەردە «جۇڭگو» دېگەندە ئاساسەن خەنزۇلار كۆزدە تۇتۇلغان، مانجۇلارنىڭ نەرسىلىرى ئازراق ئارىلىشىپ قالغان. بۇ توغرا ئەمەس. مېنىڭچە كالليمىزغا «جۇڭگو» دېگەن ئۇقۇم كەلگەندە جەزمەن 56 مىللەتنى ئويلىشىمىز لازىم. ھەر بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئوخشاش ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستۈن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا مانجۇلار تۇرىدۇ. بۇرۇن بەش مىللەتنىڭ جۇمھۇرىيىتى تەكىتلىنەتتى، مانجۇلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، بۇ توغرا. مانجۇلار جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى، لېكىن پۇت بوغۇشنى قوبۇل قىلمىدى. بۇ يېرىنى قالتىس دېيىشكە بولىدۇ، ئىلگىرى نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلىپ پۇت بوغۇشنىڭ تارىخى مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. بوغۇلغان كىچىك پۇتنى مەدھىيەلەپ، ئۇنى نىلۇپەرگۈلگە ئوخشاتقانلارمۇ بولدى. خانىش پەنفېينى «ھەر قەدىمىدە نىلۇپەر گۈلى تۆكۈلۈپ تۇرار» دېيىشتى. بوغما پۇت قانداقمۇ نىلۇپەر گۈلگە ئوخشىسۇن؟ خانىش پەنفېينى «ھەر قەدىمىدىن نىلۇپەر تۆكۈلەر» دېگەن مەدھىيەلەشكە مەن قوشۇلمايمەن. مانجۇلار ھەققەتەن قالتىسكەن. ھەممىنى ئۆگەندىيۇ، پۇت بوغۇشنى ئۆگەنمىدى.

## مانجۇشۇناسلىق توغرىسىدا

مانجۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىق بىلىملەرنى تەتقىق قىلىدىغانلار كۆز ئالدىمىزدىكى جۇڭگو ۋە دۇنيادا ئانچە كۆپ ئەمەس.

① «مايترى سىمىت» — «مايترى بىلەن ئۇچرىشىش» دېگەن مەنىدە، ئۇ 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. (ت)

مانجۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ ئورۇنلىشىشى بىلەنلا خەنزۇلىشىشقا باشلىغان. گەرچە بىر قانچە پادىشاھلار بۇ خەۋپنى كۆرۈپ يېتىپ، ئوڭشاشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىشى بىلەن، مانجۇ يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار تېخىمۇ ئازلاپ كەتتى. غەرب خەنزۇشۇناسلىرى ئىچىدە مانجۇچە بىلەن قوشۇمچە ھەپىلىشىدىغانلار بار. مەسىلەن، گېرمانىيەلىك ۋى. فوس. خانىنس قاتارلىقلار. ياپونىيەدىمۇ ئىلگىرى مانجۇ يېزىقىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار بولىدىغان، مەسىلەن، جىن شىلوڭ، جىن شىچۇنچيۇ قاتارلىقلار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، فەن مويىسپىت (فەن ۋېنلەن) مانجۇچە ئۆگىنىش كۇرسىمۇ ئاچقان، شىنجاڭدىكى مانجۇ يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ دەرسىمۇ بەرگۈزگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن پېشقەدەم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن بۇ كۇرس توختاپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلغۇچىلارمۇ بولمىدى.

## موڭغۇلشۇناسلىق توغرىسىدا

موڭغۇلشۇناسلىق ناھايىتى راۋاج تاپقان ئىلىم. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتىمۇ ئاددى، موڭغۇللار ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ يېرىمىغا دېگۈدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان. موڭغۇللار بويسۇندۇرغان جايلار ناھايىتىمۇ كۆپ، ئۇنىڭغا چېتىلىدىغان تىللارمۇ ناھايىتى تولا. موڭغۇللار تارىختا ياۋروپا-ئاسىيا قىتئەلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ناھايىتىمۇ كەڭ بىر ئىمپېرىيەنى بەرپا قىلىپ، مۆجىزە ياراتقان. يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە موڭغۇلشۇناسلىق ياۋروپادىن باشلاندى. بۇ ئىلىمنىڭ تەتقىقاتتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇ نۇرغۇن مىللەت ۋە تىللارغا بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ ئىلىم بىر زامان راۋاج تېپىپ، ياۋروپادىن داڭلىق موڭغۇلشۇناسلار چىقتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ شامال جۇڭگوغا يېتىپ كېلىپ، خۇاڭ جۈنىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەرجىمىلىرىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرى باشلامچىلىقىدىكى نۇرغۇن خەنزۇچە ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. كېيىن، چېن يىنكې ئەپەندىمۇ بۇنىڭغا ئائىت بەزى ماقالىلەرنى يازدى. تاكى بۈگۈنگىچە موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار كەم بولۇپ باقمىدى. بىز گەرچە خەنزۇچە ماتېرىياللارنى قولغا كىرگۈزۈشتە قازان بېشىدا بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولساقمۇ، موڭغۇللار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تىل-يېزىقلاردىن خەۋەردار بولۇش جەھەتتە غەربتىكى ئالىملارغا يەتمەيمىز. غەربتىكى ئالىملاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئەمەس، ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئېلىمىز ئالىملىرىغا كۆپ تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

## چاۋشيەنشۇناسلىق توغرىسىدا

چاۋشيەنشۇناسلىقتىن سۆز ئاچساق، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئوڭاي ئەمەس. چاۋشيەن يېزىقىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمدىن بۈگۈنگىچە بولغان بارلىق تىل-يېزىقلارنى كەڭ تۈردە مۇھاكىمە قىلىپ، ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ، ئەستايىدىل، ئىلمىي ئانالىز يۈرگۈزۈپ، ئاندىن دەسلەپكى قىياسنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا يەنە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلغاندىلا ئاخىرىدا ئاندىن نىسبەتەن ئىشەنچلىك يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ. جۇڭگودىكى چاۋشيەن مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن تارتىش كۆچكە ئىگە. تارىختا چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىمۇ بۆلۈنۈش ۋە بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتى بولۇپ تۇرغان. چاۋشيەن مىللىتىمۇ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە تۆھپىلەرنى ياراتقان. تاڭ دەۋرىدە نۇرغۇن چوڭ راھىبلار ھىندىستانغا بېرىپ ئوقۇغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن جۇڭگو بۇددا ئىلمىنى ئۆزلەشتۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن بۇددا تەلىماتىنى ياپونىيەگە تارقاتقان. كېيىن ئۇلار سۇڭ، مىڭ دەۋرىدىكى تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىمۇ تارقاتقان ھەمدە تېخىمۇ جارى قىلدۇرغان.

## زاڭزۇشۇناسلىق توغرىسىدا

مەن «ئازراق ئۈمىدىم — زاڭزۇشۇناسلىق ئىلمى تەتقىقات مەركىزىگە» دېگەن خېتىمدە: پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھازىر زاڭزۇشۇناسلىق قىزىپ كەتتى دېگەن ئىدىم. ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيەدىكى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس تەتقىقات ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ، شىزاڭنىڭ تارىخى، دىنى، تىلى، ئەدەبىياتى، ئۆرپ-ئادەت، سەنئىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە چوڭقۇر، ئىنچىكە، ئەستايىدىل تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى بۇددا دىنىنى تەتقىق قىلغۇچىلار زاڭزۇ يېزىقىنى بىلمىسە بولمايدۇ. چۈنكى زاڭزۇ يېزىقىدا بىر مۇنچە ھىندى سانسكرىت يېزىق-

دىكى بۇددا كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى ساقلانغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقالغان، بۇددا ئەسەرلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىلىرى ئىچىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. زاڭزۇ يېزىقىنى بىلمىگەندە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ. بۇ ناھايىتمۇ خۇشاللىنارلىق ھادىسە.

زاڭزۇشۇناسلىقنىڭ يىلتىزى ئەلۋەتتە جۇڭگو شىزاڭدا. ئېلىمىزدىكى زاڭزۇ مىللىتى ئۇزاق يىللىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. زاڭزۇشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭمۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخى بار. خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئىچىدىمۇ شىزاڭنىڭ تىلى، يېزىقى، دىنى ۋە تارىخىغا قىزىققۇچىلار ئاز ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇلار كۆپلىگەن سەۋىيەسى يۇقىرى ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى يازدى. بۇمۇ ناھايىتى خۇشاللىنارلىق ئەھۋال، ئەلۋەتتە.

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ زاڭزۇشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيەسىنى سېلىشتۇرغاندا بىز ئەلۋەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىمىز. ئەمما بىزنىڭمۇ يېتەرسىز ئورۇنلىرىمىز بار. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىز ھەرگىزمۇ تۆگقۇشى سىياسىتىنى ①يۈرگۈزمەسلىكىمىز ياكى ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالماسلىقىمىز لازىم. بۇ ئۆزىمىزنىمۇ ئۆزگىلەرنىمۇ ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. زاڭزۇ يېزىقىنى ئىشلىتىش سەۋىيەسىدە چەت ئەل ئالىملىرى ئەلۋەتتە بىزگە يېتەلمەيدۇ. ئەمما، قوشۇمچە شارائىت، ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتلەردە چەت ئەل زاڭزۇ تەتقىقاتچىلىرى دائىم بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرماقتا. بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزگە تەمەننا قويماسلىقىمىز، بىر ئىزدىمىزدا چۆرگىلەۋەرمەسلىكىمىز، قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىغا ئوخشاپ قالماسلىقىمىز كېرەك. مۇنداق بولغاندا ئالغا باسقىلى بولمايدۇ. مېنىڭ شەخسەن قارىشىمچە، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقىمىز دۆلەت سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىغا نىسبەتەن چۈشەنچىمىزنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكى، ئۇچۇرلارنىڭ راۋان بولماسلىقى، ھەتتا ئۇلارنى بىلىپ قويغىنىمىزنىڭمۇ يوقلۇقىدا، چەت ئەل زاڭزۇشۇناسلىق تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئەسەر ۋە ژۇرناللارمۇ تولۇق ئەمەس. بۇ بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتىكى ئىلگىرىلىشىمىزگە توسقۇن بولىدىغان خەتەرلىك ئەھۋال. نۆۋەتتىكى پىلانىمىز ئۇچۇر يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تەقەززالىق بىلەن قوغلىشىش بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا خەنزۇ، زاڭزۇ مىللەتلىرى ئالىملىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، قولنى قولغا تۇتۇپ ئىلگىرىلەپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلىشى، ھەرگىزمۇ ئوتتۇرىغا چېگرا سىزىپ ئايرىم قورغان قۇرۇۋالماسلىقى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا دۆلىتىمىزنىڭ زاڭزۇشۇناسلىق تەتقىقاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى باستۇرغىلى، بۇ بىر ئىلىم ئۈچۈن يېڭى زېمىن ھازىرلاپ ئاجايىپ نەتىجىلىرىنى ياراتقىلى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئابرۇيى ئورنىغا مۇناسىپ ئىش قىلغىلى بولىدۇ. تانتونۇم (密宗) زاڭزۇشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنى بولۇشقا تېگىشلىك.

زاڭزۇشۇناسلىقنىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ. زاڭزۇ يېزىقىدا قوللىنىلغان ھەرپلەر بىراخما يېزىقىدىن كەلگەن. بىراخما يېزىقى ئىلگىرى خوتەن تەرەپلەردە ئىشلىتىلگەن. زاڭزۇ يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى خوتەننىڭ ئاشۇ بىراخما يېزىقىدىن تەرەققىي قىلغان. پالما يوپۇرمىقىغا ھەرقانداق نەرسىنى يازغىلى بولىدۇ. شۇڭا «پالما يوپۇرمىقى ئەسەرلىرى» بولسىلا زاڭزۇشۇناسلىققا تەۋە دېگىلى بولمايدۇ. پالما يوپۇرمىقى ئۇ بىز كۆرمىگەن بىر خىل دەرەخ. ئۇ يوپۇرماقمۇ ئەمەس، ئېھتىمال بۇ خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى قەغەز ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولسا كېرەك. ئەينى چاغلاردا قەغەز يوق، شۇنىڭ ئۈستىگە خەت يازغانىكەن. بۇنى «پالما يوپۇرمىقى ئەسەرلىرى» دەپ ئاتىغان. پالما يوپۇرمىقىغا يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇددا دىنى كىلاسسىك ئەسەرلىرى بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئەينى چاغدىكى پالما يوپۇرمىقى قەغەز ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭغا باشقا مۇقەددەس نەرسىلەرنىمۇ يېزىشاتتى. «پالما يوپۇرمىقى ئەسەرلىرى» ئىچىدە بۇددا دىنى ئەسەرلىرى كۆپ بولغاچقا، «پالما يوپۇرمىقى ئەسەرلىرى»نىڭ كۆپىنچىسى بۇددىزىم كىلاسسىك ئەسەرلىرى سانالغان. لېكىن «پالما يوپۇرمىقى ئەسەرلىرى» دېسىلا ھەممىسىنى بۇددا ئەسەرلىرى دەپ بىلسەك

① تۆگقۇشى سىياسىتى — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۆگقۇشى بىرەر بالا-قازاغا يولۇقسا، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ خەۋپتىن قۇتۇلدۇم، دەيدىكەن. بۇ يەردىكى «تۆگقۇشى سىياسىتى» دېگەن گەپ «رېئاللىققا يۈزلىنىشتىن قورقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (ت)

بولمايدۇ. ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن.

## دۇنخۇاڭشۇناسلىق توغرىسىدا

«دۇنخۇاڭشۇناسلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ بۇرۇن چېن يىنكې ئەپەندىم ئىشلەتكەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى سەل تومتاقراق. ئىشقىلىپ قەدىمى دۇنخۇاڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى «دۇنخۇاڭشۇناسلىق»دەپ ئاتىلىدۇ. بولۇپمۇ مەشھۇر مۇگاۋ غارى ۋە 19-ئەسىرنىڭ بېشى (ياكى 18-ئەسىرنىڭ بېشى بولۇشى مۇمكىن، ئوتتۇرىدىكى پەرق بىر يىلدىن ئاشمايدۇ.) بايقالغان نوملار ساقلانغان ئۆڭكۈردىكى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان رەسىملىك كىتابلار پۈتۈن دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى. دۇنخۇاڭشۇناسلىق شۇنىڭ بىلەن بارغانسېرى قىزىپ كەتتى. «تۇرپانشۇناسلىق» دېگەن بۇ گەپكە كەلسەك، ئومۇمەن ئۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، تۇرپان رايونىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى كۆپ ئىشلىنىپ، نەتىجىسى نىسبەتەن زور بولغاچقا، «تۇرپانشۇناسلىق» پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بەك سىرلىق نەرسىلەرمۇ يوق. دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى مۇنداق ئالتە تەرەپتىن قىممەتكە ئىگە، 1. جۇڭگو تارىخى ۋە جۇغراپىيەسىنى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە، 2. جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە، 3. تىلشۇناسلىق ۋە فونېتىكىنى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە، 4. دىنىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە، 5. قەدىمكى زاماننىڭ پەن-تېخنىكىسى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە، 6. جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

دۇنخۇاڭنىڭ ئەھمىيىتىنى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن سۆزلەش كېرەك. دۇنيا مەدەنىيىتى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا تارقىلىپ كەلگەن، يەنى شەرقتىن غەربكە تارقالغان، غەربتىن جۇڭگوغا تارقالغان. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى دەل يىپەك يولىدۇر. يىپەك يولى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ سەۋەبى دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئىككى مۇھىم نۇقتا بار، بىرى جۇڭگو مەدەنىيىتى، يەنە بىرى قەدىمي يۇنان، رىم مەدەنىيىتى، دۇنيانىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا مۇنداق مۇھىم مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن ئەمەس. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئالمىشىدىغان لىنىيەسى يىپەك يولىدۇر. دۇنخۇاڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، توبۇت يېزىقى، سانسكرىت، زاڭزۇ يېزىقى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا يېزىلغان يازمىلار ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن دۇنخۇاڭنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى بۈيۈك نەتىجىلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شىنجاڭ رايونى كۆپ خىل تىل، تۈرلۈك دىن، ھەر خىل مەدەنىيەتلەردە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقالغان ۋە ئۆزئارا ئالماشقان ئورۇن، بۇ يەردە خەنزۇ يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى (قەدىمي ھىندى يېزىقى)، توبۇت يېزىقى (قەدىمي زاڭزۇ يېزىقى)، قەدىمي ئۇيغۇر يېزىقى، خوتەن يېزىقى، كۇسەن يېزىقى، ئىبرانى يېزىقى، تۈرك يېزىقى، تۇخار يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار ئۇچرايدۇ.

كۇسەنشۇناسلىقمۇ دۆلەت ئىلمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. كۇسەن ئەسلىدە ھىندىستان، يۇنان-رىم، پارس، خەن-تاڭدىن ئىبارەت تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۇچراشقان ئورنى، دۇنخۇاڭشۇناسلىق دۆلەت ئىلمى تەتقىقاتى دائىرىسىگە تەبىئىي كىرىدۇ.

«مىنزۇ ۋېنخۇي» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىل 2-سانىدىن

مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى

(تەرجىمان: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

## تۈزىتىش

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 5 - سان 36 - بەتتىكى «شۋېتسىيەنىڭ لوندىكى شىنجاڭ تەتقىقاتى» ناملىق ماقالە دىققەتسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن «شۋېتسىيەنىڭ لوندوندىكى شىنجاڭ تەتقىقاتى» بولۇپ قالغان، تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



# رەشىد رەھمەتى ئارات ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى

يۈسۈپجان ياسىن

دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئىدىقۇت خانلىقى ۋە خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى قازان تاتارلىرىدىن يېتىشىپ چىققان تۈركولوگ رەشىد رەھمەتى ئاراتتۇر.

رەشىد ئىسمەت ئوغلى رەھمەتى ئارات 1900 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قازاننىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان كونا ئۇجۇمدە تۇغۇلغان. ئارات قازاندىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە مەدرىسە قۇرۇپ ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇدەررىسلىك قىلغان بىر ئائىلىنىڭ بالىسى ئىدى، ئارات 1906 ـ 1910 ـ يىللاردا ئاشۇ مەدرىسەدە باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيەسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر تاغىسى بۇگۈنكى قازاقىستاننىڭ قىزىليار (پېتىر پاۋىل) شەھىرىگە ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ يەردە ئاۋۋال يېڭىچە مېتود بىلەن ئوقۇتىدىغان بىر تاتار مەكتىپىدە، كېيىن رۇس گىمنازىيۇمىدا ئوقۇغان. 1914 ـ 1915 ـ يىللاردا سودا تېخنىكوم مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1916 ـ يىلى ئىسە (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسىدىكى ئوقۇش يۇرتى) گە ئوقۇشقا كىرگەن، لېكىن 1918 ـ يىلى ئادمىرال كولچاكنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن ئاراتنىڭ لىسەدىكى ئوقۇشى ئۈزۈلۈپ قالغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قىزىليااردا تۈرلۈك جەمئىيەتلەر قۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «بىرلىك» دېگەن بىر جەمئىيەتمۇ بار ئىدى. بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولغان ئارات دوستى ھۈسەيىن ئابدۇش بىلەن بىرلىكتە «ياشلىق تېڭى» دېگەن بىر ژۇرنال چىقارغان. ئارات ئۆزىنىڭ دەسلەپكى سىناق ئەسەرلىرى ھېسابلانغان شېئىر ۋە ھېكايىلىرىنى بۇ ژۇرنالدا «ئا. ر» ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلغان.

1918 ـ يىلى ئادمىرال كولچاك بولشۋىك ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، لىسە ئوقۇغۇچىلىرىمۇ

ئۇنىڭ قوشۇنغا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. شۇ قاتاردا ئاراتـ
مۇ ئـەسكەرلىككە تـۇتۇلۇپ ئـاۋۋال چىلەبىدىكى ھـەربىي
مـەكتەپكە ئـەۋەتىلىپ كۇرسقا قـاتناشتۇرۇلغان. ئـاندىن
كېيىن ئـالدىنقى سەپكە ئـەۋەتىلگەن. ئـارات 1919 ـ يـىلى
ئۇرۇشتا يارىلانغاندىن كـېيىن يـىراق شـەرققە يۆتكىۋېتىلـ
گەن. 1920 ـ يىلى ئۇ كېسەل، يارىدار ۋە مۇساپىر كىشىـ
لەرگە تولغان ھەمدە نۇرغۇن چارۋامال بېسىلغان بىر پوـ
يىزدا ناھايىتى مۇشكۇل ۋە ئازابلىق بىر سەپەرنى باشتىن
ئۆتكۈزۈپ خـاربىنغا كـەلگەن. ئـۇنىڭدىن بـۇرۇنمۇ تـاتار
لاردىن نۇرغۇن ئـاھالىلەر خـاربىنغا كـېلىپ يـەرلەشكەچكە
بىر تـاتار مـەھەللىسى شـەكىللەنگەنىدى. بـۇلارنىڭ جـامە،
مەكتەپ ۋە جەمئىيەتلىرى بولغان. رەشىد رەھمەتى ئارات
خاربىنغا كەلگەندىن كېيىن كولچاك ئـىسيانى سـەۋەبىدىن
ئۈزۈلۈپ قالغان ئوقۇشنى بۇ يەردە قـايتىدىن داۋامـلاشـ
تۇرغان. بۇ چاغدا تۈرلۈك تەبىقىگە مەنسۇپ نۇرغۇن ئىنـ
قىلابچىلار كەينى ـ كەينىدىن خاربىنغا كېلىپ تاتار جەمئىـ
يىتىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرغانىدى. ئاراتمۇ
ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ شەھەرگە كـەلگەن دوستـى ھۆسەيىن
ئابدۇش بىلەن بىرلىكتە ياشلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىـ
گە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ سـەنئەت ۋە ئـىلمىي پـائالىيەتلىرى
ئارقىلىق يېتەكچى رول ئوينىغان. يۇرتداشلىرى ئارىسىدىـ
كى تەسىرىمۇ ياخشى بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئـۇ خارـ
بىندىكى تاتارلارنىڭ ئىمامى ۋە جامائەت ئەربابى ئىنايەت
ئەھمەدىنىڭ باشقۇرۇشىدا «يىراق شـەرق» دېگـەن نـامدا
بىر ھەپتىلىك ژۇرنال چىقىرىشقا باشلىغان. ئـاراتنىڭ قـول
يازمىسى بىلەن تەييارلىنىپ شېپىگراپتا كۆپەيتىش ئارقىلىق
بېسىپ تارقىتىلغان بۇ ژۇرنـال 17 ـ سـانىدىن كـېيىن تـاش
مـەتبەئەدە بـېسىلىشقا بـاشلىغان، 1924 ـ يـىلى فـېۋرالدىن
بـاشلاپ بـۇ ژۇرنـال ھـەپتىلىك گـېزىتكـە ئـۆزگەرتىلىپ،
1925 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نەشر قـىلىنغان. كـېيىن بـۇ
گېزىتنىڭ ئورنىنى «مىللىي بايراق» ژۇرنىلى ئـالغان. تـاـ
تارلاريەنە بۇلغارلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنىڭ
1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 1922 ـ يىلى
2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تاش مـەتبەئەدە پـەقەت بـىر لا قـېتىم
بېسىلغان « 1000 يىل» دېگەن بىر گېزىتنى چىقارغان. بۇ
ژۇرنال ۋە گېزىتلەردە ئارات «قازانلى»، «ئـا. داۋۇد»،
«ئالىي بىكتىمىر» دېگەن تـەخەللۇس بـىلەن ئـەدەبىي ۋە
ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە دائىر مـاقالىلەرنى ئـېلان قـىلغان.

بۇنىڭدىن بـاشقا ئـارات 1922 ـ يـىلى خـاربىندا دوستلىرى
بىلەن بىرلىكتە «ئىل كۆڭلى» دېگەن نامدا تاتار ئـەدەبىـ
ياتىنى ئۆگەنگۈچىلەر جـەمئىيىتىنى قـۇرغان ۋە ئـاشۇ يـىلى
بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى سۈپىتىدە ئـىككى بـىراـ
شۇرانى تاش مەتبەئەدە بېسىپ تارقاتقان. يەنە بۇ جەمئىـ
يەتنىڭ ئىككىنچى قېتىم نـەشر قـىلغان بـىر كـىتابىنىڭ بـىر
قانچە نۇسخىسىمۇ بېسىلغان. 1932 ـ يىلى شـائىر ئـابدۇللا
تۇقاينىڭ ۋاپاتىنىڭ 20 يـىللىقىنى خـاتىرىلەش مـۇناسىۋىتى
بىلەن ھۆسەيىن ئابدۇش تەرىپىدىن تەييارلانغان بىر بىراـ
شۇرا بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا چىقىرىلغان كۈندىـ
لىك گېزىتلەرمۇ ئارات قۇرغان بۇ جـەمئىيەتنىڭ تـەشەببۇـ
سى بىلەن بولغانىدى.

1922 ـ يـىلى لـىسەنى تـاماملىغان رەشـىد رەھمـەتى
ئارات ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئـۈچۈن بـېرلىنگە كـەلگەن.
بېرلىنگە كېلىش جـەريانىدا ئـاسىيادىكى بـىر قـانچە چوڭ
شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان. بۇ چاغدا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى
ۋە رۇس ئىنقىلابىدىن كېيىن قىرىم، ئىدىل ـ ئۇرال بويلىـ
رى، ئەزەربەيجان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھەر خىل يوللار
بىلەن بېرلىنگە كېلىپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگەن
نۇرغۇن ياشلار بـار ئـىدى. ئـاراتتىن بـۇرۇنراق بـېرلىنگە
كـەلگەن لـېخىيەلىك تـاتارلاردىن يـاقۇپ بـەي شىنكەۋىچ
مەشھۇر تۈركولوگ ۋە باڭكائۇپنىڭ ئـوقۇغۇچىسى ئـىدى.
ئۇ ئۆزى ھەۋەس قىلىدىغان تۈركىي تىل ساھەسىگە ئاراتـ
نىمۇ جـەلپ قـىلغـان. «تـۈركـىي تـىللىق قـوۋمـلار ۋە
ئۇلارنىڭ تىلىغا چىن دىلىدىن سادىق بولغان بۈيۈك ئـالىم
ۋ. باڭكائۇپ ئۆزىنىڭ پائالىيىتى بىلەن بۇ ساھەدە يـالغۇز
يـېڭى بـىر دەۋر ئـېچىش ۋە بـۇ ساھەدىكى تـەتقىقاتلارغا
يـېڭى بـىر نـىشان كۆرسىتىش بـىلەن چـەكلىنىپ قـالماي،
بەلكى يەنە سېلىشتۇرما تـۈركىي تـىلشۇناسلىق مـەكتىپىنىڭ
قۇرغۇچىسىغا ئايلانغان ئىدى.»① ۋ. بـاڭكائۇپ شۇ ۋاـ
قىتتا قەدەر تۈركچىگە دائىر ئېلان قـىلغان بـىرمۇنچە ئـەـ
سەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغانلىقى ئۈچۈن تۈرپان ئارـ
خېئولوگىيەسىدە قـولغا كـەلگەن مـاتېرىياللارنى رەتلـەپ
ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ئـالىم دەپ قـارىلىپ،
1920 ـ يىلى بېرلىنگە چاقىرتىلغانىدى. بۇ رەشىد رەھمـەتى
ئارات ئۈچۈن ھەم بىر تەلەي، ھەم بـىر پـۇرسەت ئـىدى.
شۇنىڭ بـىلەن ئـۇ 1923 ـ يـىلى بـېرلىن ئـۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
پەلسەپە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ فاكۇلتېتتا ئـارات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





تۈركولوگىيەگە دائىر دەرسلەردىن باشقا ئەدەبىيات تارىـ
خى، پەلسەپە ۋە پسىخولوگىيە دەرسلىرى ۋە سېمىنەرلىرىـ
گە قاتناشقان. ئارات خاربىندا ۋە بېرلىندا ئوقۇغان مەزـ
گىللەردە ئىنايەت ئەھمەدى ئۇنىڭغا ماددىي ۋە مەنىۋى
ياردەملەردە بولغان. دوستى ھۈسەيىن ئابدۇشمۇ ھەرقانـ
داق بىر مەسىلىدە ئۇنى ھىمايە قىلغان. ئارات ناھايىتى تىـ
رىشچان ۋە دۇرۇست بىر ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تونۇلغانلىـ
قى ئۈچۈن ئۇستازلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇلارنىڭ
كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بېرلىندىـ
كى ھاياتى خېلى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن. كىچىك تۇـ
رۇپلا ئائىلىسىدىن ئايرىلغان ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرىگە
ئارىلىششقا ئادەتلەنگەن ئارات پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆز
كەسپىگە ۋە مىللىي مەسىلىلەرگە بېغىشلىغان. ئەلۋەتتە يات
بىر مەملىكەتتە بەلگىلىك بىر ھىمايە بولمىغان ئەھۋالدا ئوـ
قۇشنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن يالغۇز غەيرەت ۋە پاراـ
سەتلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىش ھەۋەسىـ
گە ئىلھام بېرىدىغان بۈيۈك بىر ئىدىئال ۋە ئېتىقاد بولۇـ
شى كېرەك ئەلۋەتتە.

رەشىد رەھمەتى ئارات بۇ ئىرادىنى، بۇ ئېتىقادنى
يەنە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپتى. ئۇ يالغۇز ئوقۇش بىـ
لەنلا چەكلەنمەي، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگىمۇ قەدەم
قويغان ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى
تونۇتۇپ مەشھۇر ئالىملار ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان.
بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە جۇغلانغان بىر توپ ماتېرىـ
ياللار ئىچىدىكى قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتىگە دائىر
ئۇيغۇر يېزىقىدا، مانى يېزىقىدا ۋە باشقا يېزىقلاردا يېزىلـ
غان قول يازمىلارنى تۈرگە ئايرىش ئۈچۈن قۇرۇلغان
ئىلمىي ھەيئەتنىڭ ئىچىدە باشقا بىرقانچە گېرمان ئالىملىـ
رى بىلەن بىرلىكتە ئاراتمۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا ئا. ۋون.
گابائىنمۇ شۇ ھەيئەتكە قاتناشقانىدى. ۋ. باڭكائۇپقا
ئوخشاش كامالەتكە يەتكەن بىر ئالىمنىڭ يېنىدا ئىشلەش
ۋە ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش جەريانىدا ئاراتـ
نىڭ ئىلمىي سەۋىيەسى تېز يۈكسەلگەن. نەتىجىدە ئۇ بۇ
قول يازمىلارنى رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، تەتقىق قىلىش
ۋە ئۇنىڭغا دائىر تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ
قىلىش جەريانىدا 19 ـ ئەسىردە ياۋروپادا ئۆزىنىڭ
يۈكسەك پەللىسىگە چىققان سېلىشتۇرما تەتقىقات مېتودىنى
تولۇق ئىگىلەپ بولغان. بۇ ھەيئەت تەرىپىدىن نەشرگە
تەييارلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر 1928 ـ يىلىـ
دىن باشلاپ «تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن نامدا 12 توم
قىلىپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭ 6 ـ تومىنى ۋ.
باڭكائۇپ، ئا. ۋون گابائىن ۋە رەشىد رەھمەتى ئاراتلار
بىرلىكتە ئىشلىگەن. 7 ـ تومنى ئارات ئۆزى تەييارلىغان.
ئاكادېمىيە سەۋىيەسىدىكى ئەسەرلەر ئارىسىدىن ئورۇن
ئالغان بۇ ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى نەشرگە تەييارلاش ئىـ
شىنىڭ قانچىلىك بىر جاپالىق خىزمەتنى، قانچىلىك ئەستاـ
يىدىللىقنى ۋە قانچىلىك زېھنىي كۈچنى تەلەپ قىلىدىغانلىـ
قىنى پەقەت بۇ كەسپنى يېقىندىن چۈشىنىدىغان كىشىلەرلا
ئەڭ توغرا تەرىپلىيەلەيدۇ ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلىپ رەشىد
رەھمەتى ئارات 1927 ـ يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتـ
كۈزگەن چاغدا يالغۇز دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى
ياقلىغان بىر ئوقۇغۇچى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى سېـ
لىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە گېرمانىيەدە تەسىر قوزـ
غىغان ياش بىر ئالىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

رەشىد رەھمەتى ئارات گېرمانىيەدە ئوقۇش ۋە تەتـ
قىقات ئىشلىرىدىن باشقا مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتـ
لەر بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. 1922 ـ يىلىدىن كېيىن گېرماـ
نىيەدە ئىستانبۇل، باكۇ، قازان ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەـ
ھەرلەردىن بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەمكارلىق تەشكىلاتـ
لىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. مەسىلەن، ئومۇمىي تۈرك ئوـ
قۇغۇچىلار جەمئىيىتى، گېرمانىيە تۈرك ئوقۇغۇچىلار جەمـ
ئىيىتى، گېرمانىيەدىكى تۈرك ـ تاتار ئوقۇغۇچىلار جەمئىيـ
تى دېگەنگە ئوخشاش. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدە
ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارغا ئائىت مەسىلىلەر ۋە مەدەنىيەت
مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان. بۇ ساھەدىكى ئەڭ مۇھىم
ۋەزىپە يەنىلا رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ زىممىسىگە
چۈشكەن. 1928 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بېرلىندا
تۇرۇۋاتقان قازانلىق تاتار ئەدىبلەردىن ئاياز ئىسھاقىنىڭ
باشقۇرۇشىدا «يېڭى مىللىي يول» دېگەن بىر ژۇرنال
نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. ئارات بۇ ژۇرنالغا مەدەنىيەت
ۋە ياشلار مەسىلىسىگە ئائىت بىر مۇنچە ماقالىلەرنى
يازغان. يەنە بەزى ماقالە ۋە شېئىرلارنى «م.خ»،
«م. ف»، «م. خ. ف»، «ئالى»، «ئالىي بىكتىمىر»،
«شاكىر يۇسۇف»، «ش. ي» دېگەن ئىمزا بىلەن ئېلان
قىلغان. 1931 ـ 1933 ـ يىللاردا بۇ ژۇرنال ئاراتنىڭ باشقۇـ
رۇشىدا بولغان.

رەشىد رەھمەتى ئارات 1927-يىلى سېلىشتۇرما تۈركىي تىل ساھەسىدە يازغان «ئالتايچىدا ياردەمچى پېئىللار ۋە رەۋىش-پېئىللار» ناملىق ماقالىسى بىلەن بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق شەرق تىللىرى مەكتىپىدە شىمال تۈركچىسى (قازان تاتارچىسى) كەسپى بويىچە لېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1928-يىلى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئىلمىي ياردەمچى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1931-يىلى شەرق تىللىرى مەكتىپىدە شىمالىي تۈركلەرنىڭ تىل-ئەدەبىياتى ۋە تارىخى كەسپى بويىچە دوتسېنت بولغان. ئارات تەتقىقاتىدىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن ياشىنىپ قالغان ئۇستازى ۋ. باڭگائۇپنىڭ ۋارىسى بولۇشقا ھەقلىق دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاراتنىڭ يات بىر مىللەتتىن بولۇشى بۇ چاغدا مىللەتچىلىك ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان گېرمانىيەدە ئۇنىڭ باڭگائۇپنىڭ ئورنىغا قويۇلماسلىقىغا ئاساسىي سەۋەب بولۇپ قالغان. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىستىقبال دەرۋازىسى ھەرگىزمۇ تاقىلىپ قالمىغان. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ بۈيۈك بىر يول ئېچىلغان. بۇ چاغدا يېڭى قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇمھۇر باشقانى مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ مەدەنىيەت سىياستى بويىچە بىر مۇنچە ئالىملار تۈركىيەگە تەكلىپ قىلىنغان. تۈركىيەنىڭ مائارىپ مىنىستىرى رەشىد گالىپ بەيىنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئۇيغۇرچىنى سۇدەك بىلىدىغان» ياش ئالىم رەشىد رەھمەتى ئاراتمۇ 1933-يىلى تۈركىيەگە چاقىرتىلغان ۋە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىگە پىروفېسسور قىلىپ تەيىنلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئارات ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۈركولوگىيە بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئارات ئىستانبۇلغا كەلگەن چاغدا بىر قانچە ئىلمىي ژۇرناللاردا ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان، ئىككى توملۇق «ئۇيغۇر تېبابىتىگە دائىر» دېگەن ئەسىرىنى، «ئوغۇزنامە»نى، «تۇرپان تېكىستلىرى» (6-، 7-توملىرى) دېگەن كىتابلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ياۋروپادا داڭ چىقارغان بىر تۈركولوگقا ئايلانغاندى.

1934-يىلى تۈركىيە ئىلىم-پەن ساھەسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان م. فۇئاد كۆپرۈلۈ پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، رەشىد رەھمەتى ئارات يەنە كۆپرۈلۈنىڭ ئورنىغا تۈركىيات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. بۇ ۋەزىپىسى 1950-يىلغىچە داۋاملاشقان. 1949-1951-يىللاردا بىر مەزگىل لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق مەكتىپىدە تەكلىپلىك پىروفېسسور سۈپىتىدە دەرس ئۆتكەن. ئارات 1942-يىلى تۈرك تارىخ قۇرۇمىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. يەنە شۇ ۋاقىتتا خەلقئارا شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ سېكرېتارى ۋە بۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1958-يىلى ئوردىنارىيۇس پىروفېسسور بولغان. ھاياتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا بارلىق تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان تۈرك كۇلتۇرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ ئورگاننىڭ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىدا كۆپ ھەسسە قوشقان. ئۇ بۇ ئىنستىتۇتنى ئۆزىنىڭ ئىدىئالىدىكى بىر مۇئەسسەسە دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن ياردەم قىلغان. بۇ ئىنستىتۇت قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ تەشكىلىي ئورگانلىرىدا ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلىرىدە پائال ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا داۋاملىق قاتناشقان. ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتاب، ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئىنستىتۇتقا ئىئانە قىلغان.

كەسپداشلىرىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، رەشىد رەھمەتى ئارات خاراكتېر جەھەتتىن ئېغىر-بېسىق، نومۇسچان، ھايالىق، ئەستايىدىل، سەزگۈر ۋە ئاغزى چىڭ كىشى بولۇپ، تونۇشلىرى ئۇنىڭ ھېچقانداق ۋاقىتتا ئويلانماي تۇرۇپ سۆز قىلمايدىغانلىقىنى، سورالغان سوئاللارغىمۇ دەرھال جاۋاب بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە جاۋاب بەرگەندىمۇ كەسكىنلىك بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقىنى، ھەر قانداق يەردە بىرەر ئېغىزمۇ قۇرۇق گەپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئورۇنسىز كۈلمەيدىغانلىقىنى ۋە يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلاشمايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. كەسپداشلىرىنىڭ دېگىنىدەك ئەمەلىيەتتىمۇ ئارات ناھايىتى چوڭقۇر بىر تەتقىقات ئىقتىدارىغا، ساغلام ۋە تەۋرەنمەس بىر ئىلىم چۈشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق بىر تېمىنى تولىمۇ ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان بىر ئالىم بولۇپ يېتىشكەندى. ئۇنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدە ناھايىتى كۈچلۈك بىر فورماتسىيەسى بولغان. ئارات تۈركىي تىلىنىڭ بارلىق شىۋىسىنى تولۇق بىلگەندىن سىرت، ئەرەب، پارس، رۇس، گېرمان ۋە ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ كەڭ ساھەلەر ھەققى-

دە يۈزەكي بىلىمگە ئىگە بولۇشنىڭ ئورنىغا تار بىر ساھەدە ناھايىتى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان ئالىملارنىڭ تىپى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىلىمدە ھەمكارلىقنى ناھايىتى مۇھىم بىلگەن. ئەسىرنىڭ ئاخىرقى شەكلىنى بېكىتىشتىن بۇرۇن ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن، مانا شۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەستايىدىللىق نەتىجىسىدە ئاراتنىڭ يازغان ئەسەرلىرى دائىم ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئاخىرقى شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. ئارات كاتتا ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئالاھىدە بىر شەخستەك شۇنداق چوڭقۇر بىر تەتقىقات ئىقتىدارىغا ۋە كۆچلۈك سەۋر-تاقەتكە ئىگە ئىدىكى، ئۇ قولغا ئالغان ھەرقانداق بىر نۇقتا ۋە تېمىدا باشقىلار قايتىدىن بىر نەرسە دېيىشكە ئورۇن قالمايتتى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى، مەشھۇر تۈركولوگ ئوسمان فىكرى سەرتكايا مۇنداق دەيدۇ: «رەشىد رەھمەتى ئارات تۈركي تىلىنىڭ ئومۇمي تارىخي تەرەققىياتىنى ۋە ئومۇملاشقان شىۋىلىرىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئالىم، ئۇ قەدىمكى تۈركچىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۇتەخەسسىسى، دۇنيا بويىچە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان تۈركولوگ. ھەقىقەتەن تۈركولوگىيە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇبارەك ۋە ئۇلۇغ بىر ئىلىم ساھەسىگە ئايلانغان. ئۇ ياۋروپالىق تۈركولوگلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ‹تۈركولوگىيەسىلەر ئۈچۈن بىر كەسىپ ۋە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر ۋاستىسى، لېكىن بىز ئۈچۈن ھەر نەرسىدۇر› دەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدە يەڭگىللىك بىلەن قىلغان ھۆكۈملىرىدىگە زادى چىداپ تۇرالمايتتى.»② ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ رادلوف، مالوف، ساموىلوۋىچ، بىروكېلمان قاتارلىق مەشھۇر تۈركولوگلارنىڭ تۈركي تىللار تەتقىقاتىدا قوللانغان بەزى مېتودلىرىنى، قەدىمكى ھۆججەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەتىنىنى ئوقۇش ۋە شەرھلەش ئۇسۇللىرىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلغانىدى. ۋ. باڭكائۇپ تەرىپىدىن قۇرۇلغان سېلىشتۇرما تۈركي تىلشۇناسلىق ئىلمىنى تۈركىيەگە ئېلىپ كىرىپ ئومۇملاشتۇرغان ۋە تولۇق بىر تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن كىشى رەشىد رەھمەتى ئاراتتۇر. ئۇ بۇ ساھەدە شىناسى تېكىن، تالات تېكىن، نۇرى يۈجە، مۇھەررەم ئەرگىن، سائادەت چاغاتاي، زەينەپ كوركماز، كەمال ئارسلان ۋە ئوسمان فىكرى سەرتكايا قاتارلىق مەشھۇر تۈركولوگلارنى يېتىشتۈرگەن. تۈرك ترانسكرىپسىيە يېزىقىنى يەنە رەشىد رەھمەتى ئارات ئىجاد قىلغان، ئىلمي مەتبەئەچىلىكنىمۇ تۈركىيەدە ئۇ ئومۇملاشتۇرغان. تۈركچە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىگە تايانغان.

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ ئائىلىۋى ھاياتىمۇ ناھايىتى مۇنتىزىم بىر شەكىلدە ئۆتكەن. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىلىك ۋە ئۇتۇقلۇق بولۇشىدا شۈبھىسىزكى تەرتىپلىك بىر ئائىلە ھاياتىنىڭ تەسىرى زور ئىدى. ئارات 1927-يىلى بېرلىندا رابىيە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلغان. رابىيە پېرملىق بىر تاتار سودىگەرنىڭ قىزى ئىدى. ناھايىتى ئەدەپلىك ۋە قائىدىلىك تەربىيەلەنگەن بۇ قىز دەسلەپتە رۇس گىمنازىيۇمىدا ئوقۇغان، بولشېۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاتا-ئانىسى ئۇنى سىبىرىيەدىكى شەھەرلەردىن بىرىگە ھېيدىتىسىنا كەسپىدە ئوقۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. كېيىن بۇ قىز سىبىرىيەدىكى ئىجتىمائىي داۋالغۇشلاردىن قېچىپ بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە خارbىنغا كەتكەن. ئۇ يەردە رەشىد رەھمەتى ئارات بىلەن تونۇشقان. 1922-يىلى ئىككىسى بىرلىكتە گېرمانىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن. رابىيە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھېيدىتىسىنا كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن بېرلىندىكى بىر دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن رابىيە خانىم رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ مۇنتىزىم بىر تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى پىداكارلىق كۆرسەتكەن. ئۇ ئاراتنىڭ پەن تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر كەسپي خادىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ مەشغۇل بولۇۋاتقان كەسپىنىڭ ئۆزىنىڭ كەسپىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ساھە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن رابىيە خانىم بىر مەزگىل دوختۇرخانىلاردا ئىشلىگەن بولسىمۇ، كېيىن ئېرىگە ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن ئۆز كەسپىدىن ۋاز كەچكەن. رابىيە خانىم رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ ئاناتولىيەدىكى تىل تەكشۈرۈش سەپىرىگە ۋە ھەر يىلى ياۋروپانىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە نەچچە ئاي داۋام قىلغان ئىلمي زىيارەتلىرىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان، ئارات ئائىلىسىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن پىداكارلىقىغا ۋە ئىلمي ئىشلىرىدا قىلغان ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ

ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدا ئىشلىگەن نەسرىي يەشمىسىنى ئۈنىڭغا بېغىشلىغان.

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ تەتقىقاتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. يېزىق ۋە ھۆججەتلەر تەتقىقاتى
2. تۈركىي تىللار تەتقىقاتى
3. قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى
4. قەدىمكى تۈرك تارىخى تەتقىقاتى
5. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە باش مۇھەررىر بولۇشى
6. ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 220 دىن كۆپرەك. ئاراتنىڭ تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر جۇغراپىيەسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ ئۇ ۋ. باڭگىئۇپنىڭ مېتودىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىزچىل ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى دەرسلىرىنى ئۆتكەن. بۇ ۋاقىتتىن ئۇنى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاراتنىڭ تۇنجى تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنى ياۋروپادا تونۇتقىنىمۇ يەنىلا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتلىرى ئىدى. 40 يىللىق ئىلمىي ھاياتىدا ئۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. يەنە كېلىپ بۇ تەتقىقاتنى ئۇيغۇرلارغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت ھېسلىرى بىلەن داۋام قىلدۇردى. شۇ بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، ئاراتنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە نۇر بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىللىق قوۋملار ئىچىدە مەدەنىيەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان بىر قوۋم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن يازغان ئەسىرى ياۋروپانىڭ مەركىزىدىكى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياقۇپ شىنكەۋىچنىڭ «رابغۇزىنىڭ سىنتاكسى» دېگەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىدىن كېيىن يېزىلغان ئەڭ مۇھىم بىر ئەسەر ئىدى. گەرچە ئەسەرنىڭ تېمىسى «ئالتايچىدا ياردەمچى پېئىللار ۋە رەۋىش پېئىللار» بولسىمۇ، بۇ ئەسەردە بارلىق تۈركىي تىللار ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچە بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان تاتارچىنىڭ قازان شىۋىسىگە كەڭ ئورۇن بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇ تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەسەردۇر. رەشىد رەھمەتى ئارات تۈرلۈك ئىلمىي قۇرۇلتاي ۋە سىمپوزىيۇملاردا ئوقۇغان ماقالىلىرىدە داۋاملىق ھالدا تۈركىي تىللارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ئامىللار مەسىلىسىدە توختالغان. «ئۇيغۇرچىنىڭ تۈركىي تىللار تارىخىدىكى ئورنى» (1934-يىلى، 2-تۈرك تىلى قۇرۇلتىيى)، «تۈركىي تىلنىڭ تەرەققىياتى» (3-تۈرك تارىخى كونگرېسى ماقالىلىرى»، 1948-يىلى، ئەنقەرە)، «ئاناتولىيەدىكى يېزىق تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا دائىر» (5-تۈرك تارىخى كونگرېسى ماقالىلىرى»، 1956-يىلى، ئەنقەرە) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرى بۇ ساھەدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرغانىدى. 1953-يىلى ئېلان قىلىنغان «تۈرك لەھجەلىرىنىڭ تەسنىفى» دېگەن ئەسىرىمۇ تۈركىي تىللار ۋە ئۇنىڭ شىۋىلىرى ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ بۇ ئەسەر تۈركىي تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ پاسىلىنى سىزىپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تۈركولوگىيە تەتقىقاتلىرىدا ئىزچىل تەتبىقلانماقتا. تىل تەتقىقاتلىرىدا تۈركىي تىللارنىڭ تەسنىفى، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم شىۋىلىرى، تارىخىي دەۋرلىرى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسىگە كۆپرەك ئورۇن بەرگەن ئارات تۈركىي تىللار تارىخىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇيغۇر دەۋرى» دېگەن بىر ئاتالغۇنى قوللانغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىق تۈركىي تىللار ئۈچۈن بىر مەنبە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرچە تۈركىي تىلنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرچە، يەنى ئۇيغۇر دەۋرىگە ئائىت تۈركىي تىل جۇۋاش ۋە ياقۇت لەھجىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۈگۈنكى بارلىق تۈركىي تىل شىۋىلىرى ئۈچۈن بىر ئانا تىل ماھىيىتىدە ئىدى. بۈگۈنكى شىۋىلەر تۈركىي تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر دەۋرىدىكى تۈركىي تىلدىن ئايرىلىپ چىققان. بۈگۈن باشقا-باشقا شىۋىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىدەك كۆرۈلىدىغان تەرەپلەر ئۇيغۇر-

www.uyghurkitap.com



چە دەۋرىدە بىر تىل ئىچىدە ۋە شۇ تىلنىڭ تولۇق ھو-
قۇقلۇق تەركىبلىرى ھالىتىدە مەۋجۇت ئىدى. بۈگۈنكى
شۋېلەر ئىچىدە ئۇيغۇرچە بىلەن ئىزاھلىنىشنى قوبۇل قى-
لىشقا بولمايدىغاندەك كۆرۈلىدىغان بەزى تەركىبلەرگىمۇ
دۇچ كېلىمىز. بىز بۇنى ئۇيغۇر دەۋرىگە ئائىت شۋە
پەرقلىرى ئارقىلىق شەرھلەيمىز. بۇنى ئېنىقلاش ئۇيغۇر-
چىنىڭ تۈركىي تىلنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە بۇ تەرەققى-
ياتنىڭ يولى ھەم قانۇنىنى بېكىتىشتە نەقەدەر مۇھىم بىر
ئورۇن ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە يېتەرلىكتۇر»
③. باشقا ماقالە ۋە ئەسەرلىرىدىمۇ ئارات ھەرۋاقىت تولى-
مۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قەدىمكى تۈركىي تىل ھەققىدە
توختالغان ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋى-
تىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. مەسىلەن، «ئەتەبەتۇل ھەقا-
يىق»نىڭ «تەقدىم» قىسمىدا مۇنداق يازغان: «تۈركىي
تىللار ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ
نەتىجىلىرىگە تايىنىپ، 1934 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئېچىلغان 2 ـ
قېتىملىق تۈرك تىلى قۇرۇلتىيىدا بۈگۈنكى تۈركىي تىل
شۋېلىرىنىڭ ئانا مەنبەسىنى ئۇيغۇر دەۋرىنىڭ تەشكىل
قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ شۋېلەردىكى خۇسۇسى-
يەتلەر تەتقىق قىلىنغاندا بۇ دەۋرنىڭ ماتېرىياللىرىغا مۇرا-
جىئەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختالغانىدىم. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن 1943 ـ يىلى ئەنقەرەدە ئېچىلغان 3 ـ قېتىم-
لىق تۈرك تارىخى كونگرېسى مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ ئايرىم
تۈركىي تىل مۇھىتلىرىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەدەبىي تىل-
لارنىڭ مۇئەييەن شارائىتلار ئىچىدە قەدىمكى ئەدەبىي
تىلدىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە بۇلارنى تەتقىق قىلغاندى-
مۇ ئۇيغۇر دەۋرى ماتېرىياللىرىنى نەزەردە تۇتۇشنىڭ لازىم-
لىقىنى بىلدۈرگەنىدىم. تۈركىي تىللار گىراماتىكىسى سا-
ھەسىدە ئاشۇ ۋاقىتتىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بۇ
پىكىرنى تەستىقلايدىغان بىر يۈرۈش ماتېرىياللار بىلەن
تەمىنلىگىنىدەك، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تىنمۇ بۇ خۇسۇستا
بىر مۇنچە مىساللارنى تېپىش مۇمكىن. ئەدەبىي تۈركىي
تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بارلىق نۇقتىلارنىڭ ئايد-
دىڭلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەبىئىيكى يەنە بىر مۇنچە ئە-
سەرلەر پىلانلىق تۈردە تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر. لېكىن،
ھازىر شۇ بىر نۇقتىنى ئىشەنچلىك ھالدا بىلدۈرۈپ ئۆتە-
مىزكى، ئۇ بولسىمۇ قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشتا
بىروكېلمانن ۋە ساموئيلوۋىچ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەتبىق

قىلىنماقچى بولغان ئۇسۇلنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ۋە بۇ
ئۇسۇل بىلەن مۇسبەت بىر نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدى-
غانلىقىنىڭ ئەمدىلىكتە چۈشىنىلگەنلىكىدۇر.»④

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تې-
كىستلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكى-
نىمىزدەك، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەر-
دىلا باشلانغان. ئۇنىڭ ۋ. باڭكائۇپ، ئا. ۋون گاباھىن قا-
تارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن «تۇرپان تېكىستلىرى»
ئەسلىدە 12 قىسىم قىلىپ نەشر قىلىش پىلانلانغان بىر
يۈرۈش ئەسەر بولۇپ، بۇنى نەشرگە تەييارلاش ئىشىغا ئىل-
گىرى ـ كېيىن بولۇپ 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەن.
بۇنىڭ ئىچىدە 1934 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تۇرپان تېكىست-
لىرى»نىڭ 6 ـ تومىنى ئارات، باڭكائۇپ ۋە گاباھىن قاتار-
لىقلار بىرلىكتە تەييارلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرچە ئە-
سەرلەردىن بىرى بولغان «سەككىز يۈكمەك» ئېلان قىلىن-
غان. 1936 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 7 ـ تومىنى رەشىد رەھمە-
تى ئارات ئۆزى يالغۇز تەييارلىغان، بۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇر
خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيە ۋە كالېن-
دارچىلىقىغا ئائىت ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنغان.

«تۇرپان تېكىستلىرى» گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچى-
لىرى تۇرپاندىن ۋە دۈنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى
قول يازمىلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن. ئۇنىڭدا 8 ـ 13 ـ ئە-
سىرلەر ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت دىنىي تېكىستلەر،
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ھۆججەتلەر، ئاسترونومى-
يە، كالېندارچىلىق، پالچىلىققا ئائىت بىلىملەر ۋە بەزى ئە-
دەبىي پارچىلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر مە-
دەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئۇل ئەسەرلەر ھې-
سابلىنىدۇ. ئارات يازغان «قەدىمكى تۈرك ھوقۇق ۋەسى-
قىلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ماقالىمۇ ئاشۇ دەۋردى-
كى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنچىلىقىغا ئائىت مۇھىم بىر ئەسەر-
دۇر. ئارات يەتتە بۆلۈمگە ئايرىپ يېزىلغان بۇ ئەسىرىدە
ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنچىلىق ئىشلىرى ھەققىدە كەڭ توختال-
غان. بۇ ئەسەردە ئارات شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخې-
ئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇ-
نىي ھۆججەتلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى كۆرسىتىپ
ئۆتكەندىن كېيىن، قانۇنىي ھۆججەتلەرنىڭ خاراكتېرى،
تۈرلىرى، تۈزۈلۈشى ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن
ۋەسىقىلەرنى شەكىل ۋە تېما جەھەتتىن تۆرتكە ئايرىغان،

ئاخىردا ۋەسىقىلەردىن نەمۇنىلەر سۈپىتىدە سەككىز پارچە ۋەسىقىنىڭ مەتنى، تەرجىمىسى ۋە فاكسىمىلىنى بەرگەن. ماقالىدە ئارات قانۇنىي ۋەسىقىلەرگە تايىنىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىلغار بىر ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادە قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

رەشىد رەھمەتى ئارات تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن كۇتۇپخانىلاردىن بەزى ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى بايقاپ نەشرگە تەييارلىغان. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا بىر قىسمى ناھايىتى كىچىك ۋە يىرتىلىپ كەتكەن 28 پارچە ھۆججەت ساقلانغان. بۇلار يىلدىز سارىيىدىن كەلتۈرۈلگەن چوڭ بىر قەغەز قاپنىڭ ئىچىدىن چىققان. بۇلارنىڭ ئىستانبۇلغا قاچان ۋە قانداق كەلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئەنقەرەدىكى ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدىمۇ تۈركىيەگە قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەنلىكى نامەلۇم بولغان بەش ۋاراقلىق بىر تېكىست ساقلانغان. بۇ بىر بۇددىزىم تېكىستىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە ئائىت ئىدى. بۇ ھۆججەتلەرنى رەشىد رەھمەتى ئارات بايقىغان. ئۇ بۇ ھۆججەتلەرنى رەتلەپ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى «ئۇيغۇرچە يازمىلار ئارىسىدا» (Ⅱ) دېگەن نام بىلەن 1936 ـ يىلى ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ نەشرىمۇ ياۋروپادا رەتلەنگەن «تۇرپان تېكىستلىرى»گە ئوخشاش يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيەدە ئىشلەنگەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئاناتولىيەنى ئىشغال قىلغان تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە قوللانغانلىقىنى ھەمدە بۇ يېزىقنىڭ ئالفابەسىنىڭ بەزى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانغانلىقىنى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرايدىغان ئالفابە سىستېمىسى بويىچە تۈزۈلگەنلىكىنى، فاتىھ سۇلتان مەھمەدنىڭ بىر يارلىقىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ياكى يازدۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئۇيغۇر يېزىقى»، «فاتىھ سۇلتان مەھمەدنىڭ يارلىقى» دېگەن ماقالىلىرى بۇ جەھەتتىن ناھايىتى دىققەتكە سازاۋەر ئەسەردۇر. 1936 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا بايقالغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر 8 ـ 13 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى بىر خۇلاسىسىدۇر. بۇ ئەسەر تەرىپىمدىن ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»نىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. جەمئىيەتتىمۇ ياخشى تەسىر قوزغىدى. رەشىد رەھمەتى ئارات 1932 ـ يىلىدىن كېيىن تۈركىيەدە يولغا قويۇلغان تىل ئىسلاھاتىدا قەدىمكى ئۇيغۇرچىنى مۇھىم بىر ئۇرۇنغا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بولۇپمۇ تۈركىيە ئاتالغۇ كېرىزىسىدە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئارات ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتالغۇ ياساش ئۇسۇلىنىڭ تارىخىي نۇقتىدىن ھېچقاچان ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. 1942 ـ يىلى ئارات «تۈركىيات مەجمۇئەسى»دە «ئۇيغۇرلاردا ئاتالغۇلارغا دائىر» دېگەن بىر ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىسىدە ئارات قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېرمىنولوگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجلارنى يېڭى بىر مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن.

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتىنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا تۇنجى بولۇپ ئىشلىگەن ئەسىرى «ئوغۇزنامە» دۇر. «ئوغۇزنامە» دەسلەپتە ۋ. ۋ. رادلوف (1891 ـ يىلى)، رىزا نۇر (1928 ـ يىلى)، پ. پېللىئوت (1930 ـ يىلى) قاتارلىقلار تەرىپىدىن رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا يەنە بەزى يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلارمۇ كۆرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئوغۇزنامە»نىڭ بۇ نۇسخىلىرىنى ۋ. باڭكائۇف بىلەن رەشىد رەھمەتى ئارات قايتىدىن تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېڭى بىر نەشرىنى ئىشلىگەن. تەتقىقات، مەتىن، تەرجىمە، ئىزاھات ۋە سۆزلۈكتىن ئىبارەت بەش خىل شەكىل بويىچە گېرمان تىلىدا ئىشلەنگەن بۇ نۇسخا 1932 ـ يىلى گېرمانىيەدە ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنى يەنە رەشىد رەھمەتى ئارات تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، 1936 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئېلان قىلغان. 1959 ـ يىلى بۇ ئەسەرنىڭ شىرباك تەرىپىدىن تەييارلانغان بىر نۇسخىسى رۇسىيەدە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ھازىرغىچە نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرۇۋاتقىنى يەنىلا ۋ. باڭكائۇپ بىلەن رەشىد رەھمەتى ئارات ئىشلىگەن نۇسخىدۇر.

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ 1965 ـ يىلى ئېلان قىلغان

MIRAS

«قەدىمكى تۈرك شېئىرى» دېگەن ئەسىرى ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق بىر تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەر مانى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، بۇرقان (بۇددا) مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، ئىسلام مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، نەزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك پارچىلاردىن ئىبارەت تۆت بۆلۈمدىن تەشكىل تاپقان، يەنى مانى مۇھىتىغا ئائىت يەتتە پارچە شېئىر، بۇددا مۇھىتىغا ئائىت 20 پارچە شېئىر، ئىسلام مۇھىتىغا ئائىت ئالتە پارچە شېئىردىن باشقا يەنە نەزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك پارچىلار سۈيىتىدە 14 ماقال-تەمسىل ۋە بىر پال كىتابى بېرىلگەن. ئارات تەتقىق قىلغان بۇ شېئىرلاردا بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئائىت تېمىلار، تەبىئەت سۆيگۈسى ۋە ھاياتنىڭ مەنىسى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دىنىي تېمىدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ باشقا مۇھىتتىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە. ئەسەر تەتقىقات، مەتىن ، تەرجىمە، ئىزاھات ۋە سۆزلۈكتىن ئىبارەت بەش خىل شەكىل بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئارات بۇ يەردە پەقەت شېئىرلارنىڭ تەۋسىفى ۋە تۈزۈلۈش شەكلى ھەققىدە توختالغان، ئەدەبىي جەھەتتىكى تەھلىل ۋە باھالارنى بۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە قالدۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئەسەرگە ئەدەبىياتچىلاردىن باشقىلارنىڭمۇ يېقىندىن دىققەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئارات ئىدىقۇت ئۇيغۇر دەۋرىگە ئائىت شېئىر ۋە شېئىر سەنئىتىگە ئائىت ئاتالغۇلار ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختالغان. ئۇيغۇرلاردا «قوشۇغ»، «قوژان»، «قوشما»، «تاقشۇت»، «تاقماق»، «ئىر» (يىر)، «كۈگ»، «شلوك» (سلوكا)، «پاداك» (پاداكا)، «كاۋى»، «باش» (باشىق) قاتارلىق شېئىر شەكىللىرىنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن ئارات يەنە بۇ ئەسىردە قوچۇ ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە يېتىشكەن شائىرلاردىن ئاپرىنچۇر تېگىن، كۈل تارقان، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، كى كى، پراتيايا شرى، ئاسىگ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، چۇچۇ، يۇسۇف خاس ھاجىب قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. دېمەك، ئارات بۇ ئەسىردە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىنى رەتلەپ، ئۇنىڭ دائىرىسى، ئەھمىيىتىنى تەپسىلىي كۆرستىش بىلەن بىرلىكتە بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەت ئاتالغۇلىرى ۋە شائىرلارنىمۇ تونۇتۇش ئارقىلىق ئەدەبىيات تارىخچىلىرىنى تۇنجى بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. ھەقىقەتەن، رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ بۇ ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولغاندىن سىرت، تۈزۈلۈش شەكلى ۋە ئىلمىي قىممىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەنمۇ تۈركولوگىيە تارىخىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ «تۈركىي تىل ھەققىدە تەتقىقاتلار ــ ئۇيغۇر دەۋرىگە ئائىت تىل ئۆرنەكلىرىدىن ــ «ئالتۇن ياروق»» (1934 ـ يىلى) «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» (1936 ـ يىلى)، «تۈرلۈك جەھەننەملەر ھەققىدە ئۇيغۇرچە پارچىلار» (1934 ـ يىلى)، «ئەڭ قەدىمكى تۈرك ئىلاھىسى» (1959 ـ يىلى)، «ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ بىر شېئىرى» (1960 ـ يىلى)، «ئەدەبىياتىمىزدا تۇنجى لىرىك شېئىر» (1960 ـ يىلى)، «شۇنداق يەرلەردە» (1960 ـ يىلى) دېگەن ماقالىلىرىمۇ قوچۇ خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە يېزىلغان مۇھىم ئەسەرلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ.

رەشىد رەھمەتى ئارات ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن دۇنيا تۈركولوگىيەسىنىڭ بۈيۈك ئۇستازلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىنىڭ بىر دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، يېڭى بىر دەۋرنى ئاچقان شەخستۇر. مەلۇم بولغىنىدەك، «قۇتادغۇ بىلىگ» 1823 ـ يىلى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتۇلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1947 ـ يىلىغىچە بولغان 124 يىلنى «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىنىڭ بىرىنچى دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ «ۋېنا نۇسخىسى» ۋە «قاھىرە نۇسخىسى»نىڭ مەتىن ۋە تەرجىمىسىنى ۋامبېرىي ۋە رادلوف قاتارلىق ئالىملار نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى «قۇتادغۇ بىلىگ»نى ھەقىقىي سالاھىيىتى بىلەن تونۇتۇشتىن تولىمۇ يىراق ئىدى. بۇلار «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ تىلىنى تولۇق يېشەلمىگەن، ھەتتا بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ ھەل قىلالمىغان. ۋامبېرىي كىتابنىڭ نامىنى «قۇتادقۇ بىلىك» دەپ ئالسا، رادلوف ئۇنى «قۇتادقۇ پىلىك» دەپ

بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ نامى ئالدى بىلەن
تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر تېمىغا ئايلانغان. دانى-
يەلىك تۈركولوگ تومسېن بۇ مەسىلىنى قولغا ئېلىپ تەتقىق
قىلغان. ئۇ 1897 - يىلى پارىژدا ئېچىلغان 11 - قېتىملىق
خەلقئارا شەرقشۇناسلىق قۇرۇلتىيىدا «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ
«قاھىرە نۇسخىسى»غا ئاساسەن يېزىلغان بىر ماقالىسىنى
ئوقۇپ، ۋامبېري بىلەن رادلوفنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتكەن.
تومسىن ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇك تا-
ۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە تايىنىپ، ئەسەرنىڭ نا-
مىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەت-
كەن. 1901 - يىلى يەنە بۇداپىشتتا نەشر قىلىنغان
« Keleti Szemli» ژۇرنىلىدىمۇ مەخسۇس بۇ تېمىدا يې-
زىلغان يەنە بىر ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. تومسېننىڭ
پىكرى ۋامبېري ۋە رادلوفلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان
بولسىمۇ، لېكىن ۋامبېري بىلەن رادلوفنىڭ «قۇتادغۇ
بىلىگ» تەتقىقاتىدا سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنىڭ تەسىرى
ئىلىم ساھەسىدە ئۇزاق داۋاملاشتى. مەسىلەن، بۇ ئەسەر-
نىڭ 1984 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇس-
خىسىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن شەكىلدە ئېلىنىشى ۋە
ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيەسىدە كۆرۈلگەن بەزى خاتالىقلار،
1981 - يىلى نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1-
توم)غا يېزىلغان كىرىش سۆزدە «قۇتادقۇ بىلىك» دەپ
ئېلىنىشى بىر تەرەپتىن ۋامبېري ۋە رادلوفنىڭ تەسىرىدىن
بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «تۈركىي تىللار دىۋا-
نى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسنى ئىشلەشتە تەتبىقلانغان
بەزى خاتا مېتودلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان، ئەمەلىيەتتىمۇ
بىز«قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا بېرىلگەن
مەتىننى ئوقۇپ كۆرسەك ئۇنىڭدا «بىلىگ» سۆزى
بىردەك ھالدا «بىلىك»كە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، «بىلىك»-
سۆزىدىكى «ك» تاۋۇشىنىڭ ھەم شۇ مىسرادىكى تاۋۇش-
لارنىڭ ماسلىشىشىغا ھەم شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا ئېغىر
توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى ئاسانلا ھېس قىلالايمىز. تۈركىيە-
لىك تىلشۇناس مەھمەد ئۆلمەز «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ
ھەرخىل نەشرلىرى ھەققىدە يازغان «ھازىرقى زامان
تۈركىي تىللىرىدا ‹قۇتادغۇ بىلىگ تەرجىملىرى›» دېگەن
ماقالىسىدىمۇ بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇيغۇر ئالىملىرى-
نىڭ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئۇنىڭ تىلىنى ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا يېقىن-
لاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك خاتالىقنى سادىر قىلغانلىقىنى
ئەسكەرتكەن ⑤. تومسېن «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ قاپىيەلە-
رى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبە خاراكتېرىدىكى تەتقىقات-
لىرىدىن «ك»، «ق»، «گ»، «غ» تاۋۇشلىرىنى بېكىتىش
خۇسۇسىدا خېلىلا توغرا نەتىجىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ
تۈركولوگىيە ئۈچۈن، شۇنىڭدەك «قۇتادغۇ بىلىگ»
ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلە ئىدى.
نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئىلىم مۇھىتىدىمۇ بۇ نۇقتىنىڭ ئايرىم بىر
ئەسەر ئارقىلىق يورۇتۇلۇشى زۆرۈر بولماقتا. چۈنكى
يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭمۇ بۇ ئىسمنى «بىلىك» ئەمەس
«بىلىگ» شەكلىدە ئاتىغانلىقى 1953 - يىلىدىن مەلۇم.
تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھا-
كىمىيەت چۈشەنچىسىدە ھۆكۈمدارنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇ-
سىيىتىنىڭ بىلىملىك بولۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن
يۈسۈپ خاس ھاجىب بۇ بېيىتتە سۆز ئويۇنى ئارقىلىق
بىلىم مەنىسىدىكى «بىلىگ» بىلەن ھۆكۈمدار مەنىسىدە
كەلگەن «بەگ»نى بىر - بىرىگە باغلاپ، شەكىل جەھەت-
تىن «بەگ» دېگەن نامنىڭ «بىلىگ» سۆزىدىن كەلگەنلى-
كىنى، بەگ بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال بىلىملىك بولۇش كې-
رەكلىكىنى ئەدەبىي ماھارەت ئارقىلىق دەلىللىمەكچى
بولغان، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىب بۇ چۈشەنچىسىنى
«بەگ ئاتى بىلىگ بىرلە باغلىق تۇرۇر. بىلىگ ‹لامى›
كەتسە بەگ ئاتى قالۇر» دېگەن شەكىلدە يازغان. ئەگەر
يۈسۈپ خاس ھاجىب بۇ سۆزنى «بىلىك» دېيىلىدۇ، دەپ
قارىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا شائىر ھەرگىزمۇ بۇنداق
بىر مىسرانى تۈزمىگەن بولاتتى. ئەگەر تۈزگەن تەقدىر-
دىمۇ چوقۇم «بىلىكنىڭ ‹لامى› كەتسە بەك بولىدۇ» دەپ
يازغان بولاتتى. ئەمما، ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا «بەگ»
سۆزى ھەرگىزمۇ «بەك» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ئەمەس.
«بەگ» دېگەن بۇ نام بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل «بەگ»
دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلگەن بىر سۆزدۇر. ئۇيغۇر تىلى-
نىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى ئەڭ پىششىق بىلىدىغان يۈسۈپ
خاس ھاجىب بۇ يەردە «بەگ» سۆزىنىڭ ئىپادە قىلغان
ماھىيەتلىرىنىڭ بىرى ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان ۋە
ئۇنى «بىلىگ» سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىش
ئارقىلىق قاراخانىلار دەۋرىدە بىلىم سۆزىنىڭ «بىلىگ»
دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ يەردە دېيىلگىنى-
دەك، ئەسەرنىڭ نامىنى «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەسەرنى تۆۋەن باھالاش شۇنىڭدەك، «بەگ» سۆزىنى «بىلىگ»كە ئەمەس «بىلىك»كە باغلاپ شەرھلەپ يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ تىل سەنئىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈشتەك ئەھۋاللار «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىنىڭ 1-باسقۇچىدىكى خاتالىقلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردىمۇ داۋام قىلغان تەسىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىنىڭ 1-باسقۇچىدىكى ئىزدىنىشلەر ئەسەرنىڭ مەتنى توغرا ئوقۇلغان ۋە تولۇق تۈزۈلمىگەن بىر شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ دەۋرگە ئائىت ئەسەرلەردە ئومۇمەن «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ مەزمۇنى تولۇق چۈشىنىلمىدى، بېرىلگەن باھالارمۇ كۆپىنچە بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي روھىغا زىت، بىر تەرەپلىمە ۋە خاتا بولدى. مەسىلەن، داڭلىق شەرقشۇناس ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى» ۋە «تۈرك تارىخىدىن دەرسلەر» دېگەن كىتابلىرىدىكى «قۇتادغۇ بىلىگ»نى چۆكتۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرى بۇ خىل قاراشلارنىڭ بىر ئۆرنىكىدۇر. ئىلىم ساھەسىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» ھەققىدە كۆپىنچە مۇجمەل ۋە چۆكتۈرۈش خاراكتېرىدىكى قاراشلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شارائىتتا بۇ ئەسەرگە نۇر بەرگەن، ئۇنى ھەقىقىي ئوبرازى بىلەن تونۇتقان ۋە بۇ ئارقىلىق «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىدا يېڭى بىر دەۋر ياراتقان كىشى دەل رەشىد رەھمەتى ئاراتتۇر.

رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتى 1926-يىلى باشلانغان. ئۇنىڭ بۇ تېمىدا ئىشلىگەن تۇنجى ئىلمىي ئەمگىكى بولسا «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ باشقىرد ئالىمى ئا. زەكى ۋەلىدى توغان تەرىپىدىن 1914-يىلى نەمەنگاندا بايقالغان «پەرغانە نۇسخىسى» ھەققىدە فىترەتنىڭ 1925-يىلى يازغان بىر پارچە ماقالىسىنى تۈركچىگە ئۆرۈش بىلەن باشلانغان. شۇ يىلى يەنە «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئۈچ نۇسخىسىدىن» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1936-يىلى «‹قۇتادغۇ بىلىگ›تىكى تېۋىپلەر ۋە ئەپسۇنچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەققىدىكى پارچىلار» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىندى. 1942- 1943-يىللىرى تۈركىيە تىل قۇرۇمى «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئۈچ نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، رەشىد رەھمەتى ئارات بۇ ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ۋە ئەسەرنىڭ پىكىر راۋاجىغا قاراپ تولۇقلاش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيەلىك تولۇق مەتنىنى تۈزۈپ چىققان. ئەسەرنىڭ نامىنى ئاتاشتا تومسىنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنى «قۇتادغۇ بىلىگ» دېگەن شەكلىدە بېكىتكەن. رەشىد رەھمەتى ئارات ئۆزى تۈزگەن بۇ مەتنىگە ئاساسەن ئەسەرنىڭ 85 باب، 6645 بېيىت، 13 مىڭ 290 مىسرالىق چوڭ بىر داستان ئىكەنلىكىنى ۋە ئاپتورى يۈسۈفنىڭمۇ بىر مۇتەپەككۇر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئەسەرنىڭ مەتن نۇسخىسى A نەسرىي مۇقەددىمە، B نەزمىي مۇقەددىمە، C بابلار مۇندەرىجىسى، D تولۇق مەتىن، E يۈسۈفنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان پارچىلاردىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ۋە 1947-يىلى تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىگ» (مەتىن) دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىنغان. ئەسەر يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيە ۋە يۇقىرى ئىلمىي مېتود بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۈچ نۇسخىدىكى پەرقلەر بەتنىڭ ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىلغان. بۇ ئاراتنىڭ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتىكى تېخنىكىلىق ماھارىتىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. رەشىد رەھمەتى ئارات ئەسەرنىڭ مەتن نۇسخىسىغا 1-«‹قۇتادغۇبىلىگ› ۋە تۈركولوگىيە»، 2-«قاراخانىلار ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، 3-«قەشقەر ھۆكۈمدارى ھەسەن بىن سۇلايمان»، 4-«قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەر»، 5-«يۈسۈف خاس ھاجىب ۋە مەھمۇد كاشغەرىي»، 6-«قۇتادغۇبىلىگ»، 7-«‹قۇتادغۇ بىلىگ›نىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرى»، 8-«‹قۇتادغۇ بىلىگ›نىڭ بۈگۈنكى نۇسخىلىرى»، 9-«‹قۇتادغۇ بىلىگ›نىڭ فاكسىملىرى»، 10-«‹قۇتادغۇ بىلىگ›نىڭ مەتن نەشرىگە ئائىت ئىزاھاتلار»، 11-«‹قۇتادغۇ بىلىگ›نىڭ تەھلىلى مۇندەرىجىسى» دېگەن ماۋزۇلار ئاستىدا بىر كىرىش سۆز يازغان. ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك يېزىلغان بۇ كىرىش سۆز «قۇتادغۇ بىلىگ» ھەققىدە شۇ ۋاقىتقا قەدەر يېزىلغان ئەڭ ياخشى ئەسەر بولۇش بىلەن بىرلىكتە يەنە 1947-يىلدىن كېيىنكى «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. كېيىنكىلەرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ھەرخىل تىلدىكى نۇسخىلىرىغا يازغان كىرىش سۆزلىرىمۇ ئاساسەن ئاراتنىڭ ئاشۇ ماقالىسىگە تايىنىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ ئاتاقلىق ئالىم لىۋ بىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن خەنزۇچە تەرجىمىسى 1991-يىلى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبى-
ياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ««قۇتادغۇ
بىلىگ» تەتقىقاتىغا دائىر تەرجىمە ماقـالىلەردىن تـاللانما»
( I )دا ئېلان قىلىنغان. ليۇبىلڭ ئەپەندى ماقالىنى ناھايىتى
ئىدىتلىق ۋە ئەستايىدىل تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، ئـە-
سەرنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسىغا سادىق بولغان، ئاپتورنىڭ قە-
لىمىگە مەنسۇپ ھەرقانداق بىر ئۇقۇم، ھەرقانداق بىر ئى-
بارە، تېرمىن ۋە باشقا ئاتالغۇلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىدى-
غان ئىلمىگە يات ئەھۋاللارنى سادىر قىلمىغان. ئارات
«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە يازغان «قۇتادغۇ بىلىگ»
دېگەن ماقالىسىدىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە «قـۇتادغۇ
بىلىگ»كە دائىر ئومۇمىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرلىكتە
ئەسەر ھەققىدىكى بۇرۇنقى تەتقىقاتلار ھەققىدە تـەتقىدىي
تەھلىل يۈرگۈزگەن. مەسىلەن، ۋامبېرىي ۋە رادلوفلارنىڭ
بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش ئۇسۇلى ھەققىدە تـوختال-
غاندا مۇنداق دېگەن: ««قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتى تارىخى-
دا تۇنجى قەدەم ھېرمانىن ۋامبېرىي تەرىپىدىن بېسىلدى...
ۋامبېرىينىڭ تەتقىقاتى تۈركىي تىلشۇناسلىقنىڭ بۈگۈنكى
ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە بىر قىممەتنى ئىپادە قىلمىسىمۇ بۇ
ساھەدىكى تەتقىقاتلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇش جە-
ھەتتىن ناھايىتى مۇھىم بىر رول ئوينىغاندى... ئىككىنچى
مۇھىم قەدەمنى ۋ. رادلوفنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تـە-
شەببۇسلىرى تەشكىل قىلىدۇ. چوڭ دائىرىدە ۋە كەڭ
ئىمكانىيەت بىلەن قولغا ئېلىنغان بۇ نەشر ئىشىنىڭ تـەسى-
رى ئېغىر بولغان ۋە ‹قۇتادغۇ بىلىگ› ھەققىدىكى تەتقىقات-
لار كېيىنكى كۈنلەرگە قەدەر بۇ يۈكنىڭ ئاستىدىن قۇتۇ-
لالمىغان، رادلوفنىڭ ئەدەبىي تۈركىي تىل ۋە بۇنىڭ تـە-
رەققىياتى ھەققىدىكى خاتا ئاساسلارغا تايانغان پىكىرلىرى
شۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلارغا كەڭ دائىرىدە تەسىر
كۆرسەتكەن ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئەسەر ھەققىدە ئوتتۇرىغا
قويغان بىر مۇنچە پىكىرلىرى پەقەت بۇنىڭ تەسىرىدىن
خالىي بولغان نىسبەتكە لايىق بىر قىممەتنى ئىپادە قىلال-
غاندى. ۋ. تومسېننىڭ ئۇيغۇرچىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلار
سىستېمىسى ھەققىدە 1897 - يىلى 11 - قېتىملىق شەرقشۇ-
ناسلار قۇرۇلتىيىدا ئوقۇغان ماقالىسى ۋە نـەھايەت 1900 -
يىلى رادلوفنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىگ› مەتنىنىڭ 1 - قىسمىنىڭ
نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن 1901 - يىلى ئېلان
قىلغان ماقالىسى بولسىمۇ، لېكىن رادلوفنىڭ نەشرى يـەنىلا
تەتقىقاتلارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىپ كەلدى. ھەرقان-
داق بىر تىلدىكىگە ئوخشاش ئەدەبىي تۈركىي تىلدىمۇ بىر
تارىخىي جەريان بىلەن بۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى
ھەققىدە توختىلىش تەبىئىي بىر ئەھۋال بولسىمۇ، بۇ
ئاساس بىر تەرەپكە تاشلىنىپ، ھەر بىر تۈركىي تىلدىكى
ئەسەردە ئايرىم بىر تىل ۋە ھەتتا شىۋە ئىزدەش باشلان-
دى. مۇئەييەن شارائىتلار ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدە-
بىي تىلنىڭ قەدىمكى ۋە يېڭى تىل ماتېرىياللىرى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بۇنىڭ ئېغىز تىلىنىڭ تەسىرى ئاس-
تىدا مۇئەييەن بىر تەرەققىياتقا تەۋە قىلىنىشى ۋە ئايرىم-
ئايرىم ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بۇ-
نىڭغا ئاساسەن باھالىنىش پىكرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ
تولۇق ئومۇملىشىشتىن يىراق تۇرماقتا. مۇشۇنىڭغا
ئوخشاش ئاساسىي مەسىلىلەردىكى مۇجمەللىكلەر ناھايىتى
تەبىئىي ھالدا تۈركىي تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى تەتقىقات-
لارنىڭ جەريانىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. بۇنىڭ
ئەڭ گەۋدىلىك مىسالىنى ‹قۇتادغۇ بىلىگ› ھەققىدە ئېلىپ
بېرىلغان تەجرىبىلەر تەشكىل قىلىدۇ.»⑥ ئاراتنىڭ
«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە يازغان بۇ ماقالىسى
گەرچە 20 نەچچە يىل بۇرۇن ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈلۈپ
مەلۇم بىر مەجمۇئەدە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ماقالە
ناچار ۋە كەمتۈك تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈستىگە، نۇرغۇن
مەزمۇنلىرى ئەسلىي پىكىرگە زىت ھالدا ئۇيغۇرچىغا ئۆ-
رۈلگەن بولۇپ، بۇ رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ ئىلمىي ئوب-
رازىغا ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزگەن.

1947 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ مەتىن نۇسخىسى
تۈركىيەدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دۇنيا تۈركولوگىيە سا-
ھەسىدىكى ئالىملار بۇنى بىردەك قوبۇل قىلدى ۋە تەتقى-
قات ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخا دەپ قارىدى.
ھەرخىل تىللاردا ئىشلەنگەن نۇسخىلىرىمۇ مۇشۇ نۇسخىنى
ئاساس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارات تەييارلىغان بۇ نۇس-
خىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ يېڭى
بىر دەۋرى باشلىنىپ، ئىلگىرى ئىشلەنگەن نەشرلەر ۋە
ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە سۆزلەنگەن پىكىرلەرنىڭ
كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ ئەھمىيەتسىز ئە-
سەرلەرگە ئايلاندى. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىگ»تىكى
تۆتىنچى تىپ بولغان ئۇدغۇرمىش شۇ ۋاقىتقا قەدەر «قانا-
ئەت»نىڭ سىمۋولى دەپ قارالغاندى، ئارات ئۇنى «ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قۇت»»نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تونۇلتى. بۇرۇنقىلار بۇ ئەسەرنى ئۇمۇمەن بىر نەسىھەتنامە ۋە دۆلەت تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەر دەپ قارىغان، رەشىد رەھمەتى ئارات بولسا بۇنى كامىل بىر ئىنساننىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتىدىغان بىر ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. ئارات بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «"قۇتادغۇ بىلىگ"» ئىسمىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك (قۇت - ئاد - غۇ بىل - ى - گ) ئىنسانغا ھەر ئىككى دۇنيادا تولۇق مەنىسى بىلەن بەختلىك بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يولنى كۆرسىتىش مەقسىتى بىلەن يېزىلغان بىر ئەسەردۇر. بىر-بىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شەخس، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ھاياتىنىڭ ئىدىئال بىر شەكىلدە تەرتىپكە سېلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان چۈشەنچە، بىلىم ۋە پەزىلەتلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە بۇلارغا قانداق شەكىلدە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەم قانداق قوللىنىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان شائىر - مۇتەپەككۇر بۇ ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدە كۆندىلىك ھاياتنىڭ ئۈستىگە يۈكسەلگەنلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىگە تەرجىمان بولغانىدى. ئۇ بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ قەتئىيلىك بىلەن تەكىتلەۋاتقىنىدەك، ئۆز ئىگىلىرىگە ياخشى بولۇشى ئۈچۈن مەنىسىز مەجازى ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەخلاق دەرسى بەرگەن قۇرۇق بىر نەسىھەتچى ئەمەس ئىدى. يۈسۈف بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە شۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىدىغان بىر پەلسەپە، يەنى بىر ھاياتلىق پەلسەپىسى سىستېمىسىنى قۇرغانىدى »⑦. شۈبھىسىزكى، تۈرلۈك پىكىرلەرگە تولغان بۇ ئەسەر ھەققىدە ئەڭ ئاخىرقى سۆزنى سۆزلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئاراتمۇ ھەم شۇنداق قارىغان. ئاراتنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى «قۇتادغۇ بىلىگ»نى تەتقىق قىلىشتا تولۇق ئىمكانىيەت بېرىدىغان بىر ئەسەر سۈپىتىدە نەشر قىلغانلىقىدۇر.

1959 - يىلى رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر چوڭ ئەمگىكى مەيدانغا چىقتى. مۇشۇ يىلى ئارات بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان تۈركىيە تۈركچىسىگە ئۆرۈلگەن نەسرىي يەشمىسىنى «قۇتادغۇبىلىگ - II » (تەرجىمىسى) دېگەن نامدا ئېلان قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى ئەڭ كۈچلۈك تۈردە ھىمايە قىلغان ئايالى رابىيە شەرەفىددىن ئىبراھىم رەھمەتى ئاراتقا بېغىشلاپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە سۆيگۈسىنى بىلدۈرگەن. ⑧ «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەر تىلشۇناسلاردىن باشقا تارىخچىلار، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە باشقا ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىككىلەنمەي مۇراجىئەت قىلىدىغان ئانا مەنبەسىگە ئايلاندى. «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ھەقىقىي ئوبرازى ئىلىم ساھەسىدە تېخىمۇ كەڭ تونۇلۇشقا باشلىدى. «قۇتادغۇ بىلىگ»نى قولىغا ئالغان ھەر قانداق بىر كىشى مەيلى ئۇ ئىلىم ئەھلى بولسۇن ياكى بىر ئوقۇرمەن بولسۇن رەشىد رەھمەتى ئاراتقا چەكسىز ئاپىرىن ئېيتماي قالمايدۇ.

رەشىد رەھمەتى ئارات «قۇتادغۇ بىلىگ» ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا ئەسەرنى كەڭ دائىرىلىك تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ گىراماتىكىسىنى ئىشلەش ۋە ئىندېكسىنى تۈرگۈزۈش مەسىلىسىنى قولغا ئالغان بولسىمۇ، ئەپسۇس ئۆمرى بۇ تېمىنى تولۇق ئىشلەپ تۈگىتىشكە يار بەرمىگەن. ئارات ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلمىي مىراسلىرى رەتلەنگەن چاغدا ئەسەرلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» سۆزلۈكىنى ئالفەبە تەرتىپى بويىچە كوپىيەلەشتۈرگەنلىكى، بۇنىڭدىن «ئا» ۋە «ب» ھەرپلىك قىسمىنىڭ يېرىمىنى سىناق تەرىقىسىدە ئايرىم كوپىيە قىلىپ، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق ئىندېكسىنى تۈرگۈزگەنلىكى، ئاساسلىق ئىندېكس ئىشلىرىنىڭ خام ماتېرىيال ھالىتىدە قالغانلىقى مەلۇم بولغان. كېيىن تۈرك كۇلتۇرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە ئاراتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن مۇھەررەم ئەرگىن، نۇرى يۈجە ۋە ئوسمان فىكرى سەرتكايا قاتارلىق ئالىملار يېتەكچىلىك قىلغان بىر ئىلمىي ھەيئەت بۇ ئىندېكسنى رەتلەپ چىقتى. ئىندېكس «ئۈچىنچى خەلقئارا تۈركولوگىيە كونگرېسى»دە ئىلىم دۇنياسىغا تەقدىم قىلىندى. بۇ ئەسەر 1979 - يىلى «قۇتاغۇبىلىگ - III » (ئىندېكىس) دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۈرك كۇلتۇرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى ئاراتنىڭ بۇ ئەسىرىنىمۇ يورۇقلۇققا چىقاردى.

رەشىد رەھمەتى ئارات 1947 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ئەڭ مۇكەممەل مەتىن نۇسخىسىنى تۈرگۈزگەندىن كېيىن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نى نەشر قىلىش-

قا كىرىشكەن. تۈركىيەدە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تەتقىقاتىنى نەجىپ ئاسىم باشلىغان. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ ئىستانبۇل كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانغان نۇسخىلىرى ھەققىدە فۇئاد كۆپرۈلۈ ئون پارچىغا يېقىن ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا ئاساس سالغان. كېيىن رەشىد رەھمەتى ئارات «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەتقىق قىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. ئىستانبۇلدا «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ تۆت نۇسخىسى تېپىلغان. ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر يېزىقىدا (A نۇسخا، 4012 ـ نومۇرلۇق)، بىرى ھەم ئۇيغۇر، ھەم ئەرەب يېزىقىدا (B نۇسخا، 4757 ـ نومۇرلۇق)، ئىككىسى ئەرەب يېزىقىدا (14 ـ نومۇرلۇق C نۇسخا ۋە نومۇر قويۇلمىغان D نۇسخا) كۆچۈرۈلگەندى. ئەسەرنىڭ نامى نۇسخىلاردا پەرقلىق يېزىلغان، يەنى A نۇسخىسىدا «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، B ۋە C نۇسخىلىرىدا «ھىبەتۇل ھەقايىق»، D نۇسخىسىدا «غايىبەتۇل ھەقايىق» دەپ ئېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەنقەرەلىك ھاجى جافەر ئوغلۇ ئىبراھىمگە مەنسۇپ بىر مەجمۇئەدىمۇ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»قا ئائىت بىر تۆتلۈك خاتىرىلەنگەن. بۇنى فۇئاد كۆپرۈلۈ بايقىغان. رەشىد رەھمەتى ئارات گېرمانىيەدە تۇرغان مەزگىلدە بېرلىن كۇتۇپخانىسىدىكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ئارىسىدىن ئايرىم بىر ۋاراقنى ئۇچراتقان. بۇ ۋاراقنىڭ ئالدى يۈزىگە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»قا ئائىت بىر تۆتلۈك كۆچۈرۈلگەن. ئارقا يۈزىگە ئەرەب يېزىقىدا پارسچە يېزىلغان ئىككى قۇرلۇق بىر تېكىست بىلەن موڭغۇلچە يېزىلغان ئالتە يېرىم قۇرلۇق بىر تېكىست كۆچۈرۈلگەن. بۇ تۆتلۈك ئاراتنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. نەۋايىنىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببە» ۋە «مۇنشەئات» دېگەن ئەسەرلىرىدىمۇ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ ئاپتورى ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ قەلىمىگە ئائىت دەپ قارالغان ئىككى بېيىت ۋە بىر تۆتلۈك خاتىرىلەنگەن.

رەشىد رەھمەتى ئارات بۇرۇنقىلاردىن نەجىپ ئاسىم، فۇئاد كۆپرۈلۈت، كوۋالسكي ۋە ج. دېنى قاتارلىقلارنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ نەشرى ۋە تەھلىلى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى تەنقىدىي تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ ئىلمىي بولغان بىر نەشرىنى تەييارلاشقا كىرىشكەن. ئەسەرنى تەييارلاشقا «قۇتادغۇ بىلىگ» ئۈچۈن قوللانغان ئىلمىي مېتودنى تەتبىقلىغان. 1951 ـ يىلى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نىڭ سېلىشتۇرما مەتنى، تەرجىمىسى، ئىندېكسى، ئىزاھلىرى ۋە بارلىق نۇسخىلىرىنىڭ فاكسىمىلىنى ئېلان قىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى ئىلىم دۇنياسىغا سۇنغان. ⑨ رەشىد رەھمەتى ئارات «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»قا يازغان كىرىش سۆزىدە ئەسەر ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك تەھلىل يۈرگۈزۈش بىلەن بىرلىكتە ئەسەرنىڭ نامىنى مۇقىملاشتۇرغان. يەنى ئۇنى «ھىبەتۇل ھەقايىق» ياكى «غايىبەتۇل ھەقايىق» ئەمەس، بەلكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنىڭ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى نۇسخىلاردىكى پەرق ۋە سۆزنىڭ مەنىسىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ھېچكىم رەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىغان ۋە ئۆزى ئېلان قىلغان يېڭى نۇسخىنىمۇ مۇشۇ نام بىلەن نەشر قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەسەر ئىلىم دۇنياسىدا «ھىبەتۇل ھەقايىق» دېگەن نام بىلەن ئەمەس، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. ئارات يەنە ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى ھەققىدە توختالغاندا ئەسلىدىكى تۆت نۇسخىغا ئۇلاشتۇرۇپ فۇئاد كۆپرۈلۈ تاپقان تۆتلۈكنى «E نۇسخا»، ئۆزى بايقىغان تۆتلۈكنى «F نۇسخا»، نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن بېيىت ۋە تۆتلۈكنى «G نۇسخا» دەپ تەرتىپلەش ئارقىلىق نۇسخىلارنىڭ تەسنىفىنى سىستېمىلاشتۇرغان. بۇ ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ مەتىن نۇسخىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىگە سۇنغان يەنە بىر كاتتا سوۋغىسى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى 60 يىل داۋامىدا بۇ نۇسخا «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نى تەتقىق قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ مۇراجىئەت قىلىدىغان ئانا مەنبەسىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئىزاھاتلار تۈركىيەدىكى مەتبەئەچىلىك ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ كەڭ دائىرىدە قولغا ئېلىنغاچقا، بۇ تىل ئوقۇتۇشىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغاندى.

رەشىد رەھمەتى ئارات «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ تۈركچە نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان. گوللاندىيەنىڭ لېيدېن شەھرىدە 1908 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بۇ ئېنسىكلوپېدىيە ئىسلام دۇنياسىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە ۋە بىيوگرافىيە لۇ ـ

www.uyghurkitap.com



غىنى بولۇپ، تېمىلىرى گېرمان (دوچ)، فىرانسۇز، ئىنگلىز، ئىتالىيان، رۇس، گوللاند ۋە شەرق ئالىملىرى ئىچىدىكى خەلقئارالىق نوپۇزغا ئىگە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ماقالە شەكلىدە يېزىلغان ھەمدە گېرمانچە، فىرانسۇزچە ۋە ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا نەشر قىلىنغان. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» تۈركىيە مىللىي مائارىپ مىنىسترلىقىنىڭ 1939-يىلى قوبۇل قىلغان بىر قارارى بويىچە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەسئۇللۇقى ۋە نازارىتى ئاستىدا قۇرۇلغان بىر ئىلمىي ھەيئەت تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، ئايرىم جىلد ھالىتىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تۈركىي قوۋملار ۋە ئىسلام دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە ماددىلار يېڭىدىن يېزىلىپ تولۇقلانغان. بەزى ماقالىلەرگە تولۇقلىما سۈپىتىدە ئىلاۋە، ئىزاھات ۋە شەرھىلەر يېزىلىپ يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ توغرا مەلۇماتلارغا ئورۇن بېرىلگەن، نەتىجىدە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ تۈركچە باسمىسى بىر مۇنچە جەھەتتە ئەسلىدىكى نۇسخىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. تۈركچە تەرجىمىسى 14 جىلد ھالىتىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ نەشر ئىشلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بەزىدە ئاقساپمۇ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى جىلتى 1989-يىلى نەشر قىلىنغان. تۈركىيەدە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ تۈركچە نۇسخىسى ئىشلەنگەن دەسلەپكى 25 يىلدا رەشىد رەھمەتى ئارات ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۆتىگەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىبراھىم كافەسئوغلۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولغان. داۋراڭسىز، ئەمما ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان بولغان رەشىد رەھمەتى ئارات تۈركىي قوۋملارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىدا باشقا كىشىلەر ئاسانلىقچە قىلالمايدىغان زور خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنىڭ خىرىستىيانلىق ۋە تۈرك دۈشمەنلىكى پۇراپ تۇرىدىغان تەرەپلىرىگە قارشى ھەرقانداق بىر كىشىدىن بەكرەك كۆرەش قىلغان. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نى مۇشۇنداق بىر سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى تۈرك تەپەككۇرىغا ماسلاشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا بىر «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» روھىنى ئاتا قىلغان كىشى يەنىلا رەشىد رەھمەتى ئاراتتۇر. ئۇ بارلىق ئەسەرلىرىنى ۋە قاتناشقان كوللېكتىپ ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە دائىم بۇ خىل مەۋقەنى يېتەكچى ئورۇنغا قويغان. تۈركچە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئاساسەن ئۇنىڭ ئەجرىگە تايانغان. تۈركىيە ئىلىم-پېنىنىڭ غۇرۇرى بولغان بۇ ئەسەرگە روھىي جەھەتتىنلا ئەمەس، يەنە شەكىل جەھەتتىنمۇ ھەقىقىي بىر مۇكەممەللىكنى بېغىشلىغان كىشى يەنە ئاراتتۇر. ئارات بۇ ئېنسىكلوپېدىيەگە ئۆزىنىڭ ئىمزاسىدا 26 پارچە ماقالە يازغاندىن باشقا سانسىزلىغان ماقالىلەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. ئاراتنىڭ بۇ ئېنسىكلوپېدىيەگە يازغان ماقالىلىرى ئىچىدىكى «بالىق»، «قەشقەر»، «قاراخانىلار»، «قاراقۇرۇم»، «قارلۇقلار»، «قارشى»، «قاراقول»، «قۇتادغۇ بىلىگ»، «مەتبۇئات»، «ئوغۇل»، «باتمان» قاتارلىق ماددىلاردا ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قەدىمكى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرلىرىگە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر مۇھىم مەلۇمات بار.

دېمەك، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ تۈركچە نەشرىنى تەييارلاش ۋە قەدىمكى تۈركىي تىل ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن رەشىد رەھمەتى ئارات تارىخ تەتقىقاتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ساھەدە ئىشلىگەن ئەڭ مۇھىم بىر ئەسىرى «بابۇرنامە»دۇر. ئۇ «بابۇرنامە»نى شەرق تۈركچىسىدىن تۈركىيە تۈركچىسىگە ئۆرىگەن ۋە ئۇنى ئىككى قىسمغا بۆلۈپ «ۋەقايى: بابۇرنىڭ خاتىراتى» دېگەن نام بىلەن 1943-، 1946-يىللاردا ئېلان قىلغان. كېيىن 1970-، 1986-، 2006-يىلى بۇ كىتاب «بابۇرنامە» («ۋەقايى») دېگەن نام بىلەن ئۈچ قىسىم قىلىپ نەشر قىلىندى. ئاتاقلىق تىلشۇناس خەمىت تۆمۈرنىڭ «بابۇرنامە»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى ئىشلەشتە ئەسەرنىڭ ئارات ئېلان قىلغان تۈركچە نۇسخىسىدىنمۇ پايدىلانغانلىقى مەلۇم. ئاراتنىڭ بۇ ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆزىدىن ۋە ئىزاھاتلىرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ ئەسەرنىڭ تارىخى ھەققىدىكى مەنبە خاراكتېرلىك مەلۇماتلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئەسەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن 100 بەتكە يېقىن بىر ئىزاھاتتۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئارات رەتلەشكە تېگىشلىك بىر مۇنچە مەنبەلەرنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «ۋەقايى: بابۇرنىڭ خاتىراتى»دىكى ئىزاھاتلارنىڭ بىرىدە «ئەسەرنىڭ ھىندىستانغا ئائىت قىسمىدىكى بىر مۇنچە ئۆسۈملۈك

ۋە ھايۋان ئىسىملىرىنىڭ تەڭداش ئاتالغۇلىرى بۇ خۇسۇسلارنى تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن شەخسلەر تەرىپىدىن زور ئەجىر سىڭدۈرۈلۈپ، تەتقىق قىلىنغان، بۇلارنىڭ نەتىجىلىرىمۇ بۇ يەردە قىسقىچە بېرىلدى» دەيدۇ. رەشىد رەھمەتى ئارات تارىخ مېتودى ئۆگەنگەن بىر تارىخچى ئەمەس، ھەرقانداق بىر تىلچىنىڭ، بولۇپمۇ قەدىمكى تىللار تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولغان تىلچىلارنىڭ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە يازغان تارىخىي تېمىدىكى بەزى ماقالىلىرى بىر قاراشقا ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى يورۇتۇلغان، مەسىلىلەر ھەل قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەستايىدىل ۋە تولۇق يېزىلمىغان ماقالىلەرنى بەزى يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تولۇقلىغان ئەسەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ تۈزەتكەن ۋە تولۇقلىغان ئەسەرلىرى ئىچىدە مەشھۇر شەرقشۇناس ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»گە يازغان ماقالىلىرى خېلى كۆپ، بۇ تەرەپلەرگە قاراپ ئۇنى فىلولوگىيەنىڭ مېتود ۋە چۈشەنچىلىرىنى تارىخ تەتقىقاتىغا تەتبىقلىغان بىر ئالىم دېيىشكە بولىدۇ. ئارات «تۈركلەردە تارىخ خاتىرىلەش» (1937 ـ يىلى) دېگەن ماقالىسىدە تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە تايىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كالېندارچىلىقىدىن سۆز ئاچقان. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋر، يىل، ئاي ۋە كۈننى، چوڭ ۋەقەلەرنى، ئالاھىدە پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقتىنى خاتىرىلەشتە 12 مۆچەل كالېندارىنى ۋە بۇنىڭغا ياندىشىپ 60 يىللىق بىر دەۋرنى، 180 يىللىق بىر دەۋرنى، خەنزۇ سۇلالىرىدىكى پادىشاھلار يىلنامىسىنى، يېزدىرجىد كالېندارىنى، سېلېفك كالېندارى (ئالېكساندىر كالېندارى)نى، مانىنىڭ ئۆلۈم يىلىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان بىر كالېندارنى، ھىجرىيە كالېندارىنى ۋە كۆل بىلگە تەڭرى ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدارنىڭ تەختكە چىققان يىلىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان بىر كالېندارنى قوللانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «ۋەقايى: بابۇرنىڭ خاتىراتى»نى نەشرگە تەييارلاش داۋامىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ «تۈركلەردە ۋاقىت ۋە زامان ئېنىقلىمىسى» (1948 ـ يىلى) دېگەن ماقالىنى يازغان، بۇ ماقالىدە تۈركىي قوۋملاردا بىر كۈننىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى ۋاقىتلارنىڭ ئاتىلىشى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن.

تۈركىي تىللار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىلەن دۇنيا تۈركولوگىيەسىدە يۇقىرى نوپۇزغا ئېرىشكەن رەشىد رەھمەتى ئارات 1964 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىستانبۇلدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان. ئەسلىدە ئۇزاق مەزگىللىك تىل تەتقىقاتىدىكى جاپالىق تېخنىكىلىق خىزمەتلەر، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى، ئىنساننىڭ زېھنىنى، جىسمىنى قاتتىق خورىتىدىغان تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى ھالسىراتقانلىقى تەبىئىيدۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىرقى تىنىقىغىچە تەتقىقات، ئوقۇتۇش، تەھرىرلىك ئىشىنى توختاتمىغان، ئىلمىي يىغىلىشلاردىن قالمىغان، ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەم تۈركىيە ئۈچۈن، ھەم دۇنيا تۈركولوگىيەسى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ يوقىتىش بولغان. رەشىد رەھمەتى ئارات ئۆزىنىڭ ئىلىم چۈشەنچىسىنى ئىپادە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغانلىرى بىزگە قانچىلىك كەمتۈك كۆرۈلسە، بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزمۇ بىزدىن كېيىنكىلەرگە شۇنچىلىك كەمتۈك كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى تەبىئىيدۇر. چۈنكى ئىلىم يولى باسقۇچلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇ يولدا بىر باسقۇچ تەشكىل قىلىش بەختىگە ئېرىشمەك بىر ئىنسان ئۈچۈن بۈيۈك بىر شەرەپتۇر»⑩. گەرچە ئارات ئىلىمنى بىر جەريان دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن يېرىم ئەسىردىن ئاشقان تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئاراتنىڭ ئىلىمدا ياراتقان نەتىجىسى بىر جەريان، بىر باسقۇچ بولۇشتىن ھالقىپ ئۆز ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىنى ياراتتى. بۇ پەللە ئۇنى ئىسمى سۆيگۈ بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان گىگانت بىر ئالىمغا ۋە تۈركولوگىيەنىڭ بۈيۈك بىر ئۇستازىغا ئايلاندۇردى. يۈسۈف خاس ھاجىب «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ 228 ـ ۋە 229 ـ بېيىتلىرىدە «ئىنساننىڭ ھاياتى مەڭگۈلۈك ئەمەس، مەڭگۈلۈك بولىدىغىنى ئۇنىڭ نامىدۇر. شۇڭا ياخشى كىشىلەرنىڭ نامى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئۆزۈڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسسەن، نامىڭ مەڭگۈلۈكتۇر، نامىڭ مەڭگۈلۈك بولسا ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈلۈك بولىسەن»⑪ دېگىنىدەك، رەشىد رەھمەتى ئارات ئىلىم ساھەسىدە «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى تىكلەپ، نامى مەڭگۈ ئۆچمەس بىر ئالىمغا ئايلاندى. باشقىچە ئېيتقاندا رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ ماددىي ھايات دەرىخى 64 يىل ياشاپ قۇرىغىنى بىلەن مەنىۋى ھايات دەرىخى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا مەڭگۈ قۇرىمايدۇ.

رەشىد رەھمەتى ئارات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۈرك كۈلتۈرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى ئۇنىڭ قول

www.uyghurkitap.com





يازمىلىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلىش، تەييار ھالەتتىكى كىتاب ۋە ماقالىلىرىنى تېز نەشر قىلىش، ئاراتنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىگە ئائىت بىر كىتاب تەييارلاش ئۈچۈن «ئارات كومىسيونى» دەپ ئاتالغان بىر ئىلمىي ھەيئەت تەسىس قىلىنغان. بۇ ھەيئەتكە ئەھمەت تەمىر، ئابدۇلقادىر ئىنان، مۇھەررەم ئەرگىن، زەينەپ كوركمار، سائادەت چاغاتاي، شىناسى تېكىن، تالات تېكىن، نۇرى يۈجە، ئوسمان فىكرى سەرتكايا قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار قاتارىدا ئاراتنىڭ قىزى ئايسۇ ئاراتمۇ قاتناشقان. 1965 ـ، 1972 ـ، 1993 ـ، 1975 ـ يىللىرى بۇ ھەيئەت ئاراتنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەش، تۈرگە ئايرىش ۋە نەشر قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇردى. نەتىجىدە ئارات يازمىلىرى ئۈچ كىتاب ۋە بەش پارچە ماقالە ھالىتىدە نەشرگە تەييارلاندى. ئۈچ كىتاب تۈرك كۈلتۈرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قۇتادغۇ بىلىگ ئىندېكسى ـ Ⅲ» (1979 ـ يىلى)، «شەرق تۈركچە-سى مەتىنلىرى» (1987 ـ يىلى)، «ماقالىلەر I » (1987 ـ يىلى) دىن ئىبارەت ئىدى. بەش ماقالىسى بولسا «ئۇيغۇر-لار»، «ئۇيغۇرچە يازمىلار ئارىسىدا» ( Ⅱ )، «ئىدىقۇت ئۇنۋانى ھەققىدە»، «ئىزاھاتلار» ۋە «ئۆزبېك خەلق ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرى» دېگەن ئەسەرلەردۇر. ئاراتنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى مۇھەررەم ئەرگىن تەرىپىدىن تەييارلىنىپ «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ تىزىملىك كېيىن ئەھمەت تەمىر تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ 1966 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «رەشىد رەھمەتى ئارات ئۈچۈن» دېگەن خاتىرە كىتابتا بېسىلدى. 1964 ـ يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى بولسا ئوسمان فىكرى سەرتكايا تەرىپىدىن ئىشلىنىپ «ماقالىلەر I » دېگەن كىتابتا ئېلان قىلىندى.

**ئىزاھاتلار:**

①رەشىد رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىگ ـ I » (مەتىن)، تۈركچە، 2 ـ نەشرى، 6 ـ بەت، 1979 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى.

② رەشىد رەھمەتى ئارات: «ماقالىلەر»، 1 ـ جىلد، 12 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى ئوسمان فىكرى سەرتكايا، 1987 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك كۈلتۈرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى نەشرىياتى.

③ رەشىد رەھمەتى ئارات: «ماقالىلەر»، تۈركچە، 1 ـ جىلد 398 ـ بەت.

④رەشىد رەھمەتى ئارات: «ئەدىب ئەھمەد بىن مەھمۇد يۈكنەكى ـ ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، تۈركچە، 3 ـ نەشرى، 1 ـ ، 2 ـ بەت 2006 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى.

⑤ «تۈرك تىللىرى تەتقىقاتلىرى»، تۈركچە، 14 ـ توم، 109 ـ بەت، 2004 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

⑥ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» («قۇتادغۇبىلىگ» ماددىسى)، تۈركچە، 6 ـ جىلد، 1044 ـ ، 1045 ـ بەتلەر، 1977 ـ يىلى ئىستانبۇل، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى.

⑦ رەشىد رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىگ ـ I » (مەتىن) 23 ـ بەت.

⑧ يۈسۈپ خاس ھاجىب: «قۇتادغۇبىلىگ ـ Ⅱ » (نەسرىي يەشمىسى)، تەرجىمە قىلغۇچى رەشىد رەھمەتى ئارات، 8 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى، تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى.

⑨ئاھمەت بىجان ئەرجىلاسۇن: «تۈرك تىلى تارىخى» (باشلانغۇچتىن 20 ـ ئەسىرگە قەدەر)، تۈركچە 338 ـ بەت، 2007 ـ يىلى، ئەنقەرە، ئاقچاغ نەشرىياتى.

⑩ رەشىد رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرى»، تۈركچە 3 ـ نەشرى، 23 ـ بەت، 1991 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى.

⑪ يۈسۈپ خاس ھاجىب: «قۇتادغۇبىلىگ ـ Ⅱ » (نەسرىي يەشمىسى)، تۈركچە، 27 ـ بەت.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)


# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۈنۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ 40 ياشتىن ھالقىغاندا كۆرگەن يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئوغۇل كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم-بىلىمگە شۇنداق بېرىلگەن ئىكەنكى، كېچىلىرى كۆز يۇمماي كىتاب كۆرىدىكەن، كۈندۈزلىرى مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەت ۋە مۇتالىئەلەر قىلىدىكەن، ئۇ 18 يېشىدىلا ئىلىم مۇنبىرىنىڭ شاھىنشاھىغا ئايلىنىپ، ئاتىسىنىڭ تەسەررۇپىدىكى شەھەرلەردىن تارتىپ يېزا-قىشلاقلارغىچە ھەرخىل مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، مەملىكىتىنى بىلىم خەزىنىسىگە ئايلاندۇرغان ئىكەن.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئەينەككە قاراپ چاچ-ساقىلىغا قىراۋ قونغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قاپتۇ-دە، يەنە بىر مۇھىم ئاتىلىق قەرزىنى تېخى ئادا قىلمىغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالام، سەن بالاغەتكە يەتتىڭ، مەن بولسام ئاق چاچلىقلار قاتارىغا ئۆتۈشكە باشلىدىم. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنىڭ تىرىكلىك گۈلىستانىڭنى، مېنىڭ تەخت ۋارىسىمنىڭ مىراسخورىنى كۆرۈش ئارزۇيۇم بار. كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ بولسا تارتىنماي ئېيت، مۇرادىڭنى ھاسىل قىل، بولمىسا، لايىقىنى مەن ئۆزۈم تاپاي، — دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئىنتايىن ئىشتىياق بىلەن بىلىم تەھسىل قىلماقتىمەن. بۇ ئىشقا يەنە بىر نەچچە يىل سەۋر قىلسىڭىز.

پادىشاھ نەسىھەت قىپتۇ، لېكىن شاھزادىگە كار قىلماپتۇ. پادىشاھ نائىلاج ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ خانىش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنى قانداقلا بولمىسۇن ئۆيلەش قارارىغا كەپتۇ-دە، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتىپتۇ.

— ئوغلۇم، — دەپتۇ خانىش، — بۇ يىل شاھ ئاتاڭ كېسەللىچان بولۇپ قالدى، مەنمۇ قېرىپ قالدىم، ئىككىمىزنىڭ سېنىڭدىن باشقا بالىمىز يوق، بىلىم ئۆگىنىشنى تويدىن كېيىن داۋاملاشتۇرساڭمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ چاغقىچە بىزنىڭ دېگىنىمىزگە ئۇنىمىدىڭ، ئەمدى سەن خالىساڭمۇ-خالىمىساڭمۇ تويۇڭنى قىلىش قارارىغا كەلدۇق. بىز ساڭا قوشنا پادىشاھلاردىن بىرىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇق. قۇدىلىشىدىغان تەرەپمۇ توي تەييارلىقىنى قىلىپ بولدى.

— جېنىم ئانا، — دەپتۇ شاھزادە، — مېنىڭ سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلىماسلىققا ھەددىم ئەمەس! بىراق، توي قىلىشقا رازىلىق بېرەلمەيمەن، چۈنكى مەن توي قىلماسلىق

# شاھزادە ۋە مەلىكە

(چۆچەك)

www.uyghurkitap.com

قارارىغا كەلگەن.

— نېمە؟! — دەپتۇ پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، — دۇنيادا مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ سەن بىر بىلىم ئەھلى تۇرۇقلۇق تەنھالىقنى راۋا كۆرۈشۈڭ ئۆزۈڭنى نادانلىق زۇلمىتىگە تاشلىغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟!

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپتۇ شاھزادە، — لېكىن ئوقۇغان ھېكايە كىتابلىرىمنىڭ قىسسەلىرىدىن «ساپ ھاياتىڭنى ۋاپاسىزلار يۈندىسىدا ناپاك قىلغاندىن، بېجىرىم يۈرەكنى ۋىجدانسىزلار خەنجىرىدە زىدە قىلغاندىن كۆرە يالغۇز ئۆتۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىل» دېگەن ھېكمەتنى بىلدىم.

— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق، بالام، كىتابلاردا بايان قىلىنغان بۇ ئىشلارنى ئىنسانىيەت ئالەمدە بولمىغان دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. مەن ئۇنداق شەرمەندىچىلىكلەرنىڭ ھازىرمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيمەن. بىراق، ئۇ خىل ۋىجدانسىزلىقلارغا قاراپلا «ھەممە ئادەم شۇنداق، دېيىش ئاقىلانىلىق ئەمەس، بۇ ئەخلاق-پەزىلەت ئىگىلىرىگە قىلىنغان تۆھمەت ۋە ھاقارەت بولىدۇ. بىزنى رەنجىتمەي توي قىلىشقا ۋەدە بەرگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

شاھزادە ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ:

— بىر تەلىپىم بار، بەجا كەلتۈرسىڭىز ماقۇل بولاي شاھ ئاتا، — دەپتۇ.

— قېنى، تەلىپىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— شەھىرىمىزنىڭ چېتىدىكى ئەزىم دەريانىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان ھاۋا بوشلۇقىغا بىر قەسىر ياساپ بېرىڭ. بۇ قەسىرگە چىقىپ-چۈشىدىغان شوتا مەندىلا بولسۇن. كېلىنىڭىز شۇ قەسىردىلا تۇرىدۇ، پەقەت بىرلا خىزمەتچى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.

پادىشاھ شۇ كۈنىلا تەرەپكە-تەرەپكە جاكارچى چىقىرىپ، مەملىكىتىدىكى ئەڭ نادىر ئۇستىلارنى يىغىپتۇ ۋە ئۇلارغا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان ھاۋا بوشلۇقىغا «ئاسمان سارىيى» سېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇستىلار پۈتۈن ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈچ يىل دېگەندە بۇ ئاسمان سارىيىنى پۈتكۈزۈپتۇ. شاھزادە ئاسمان سارىيىنى كۆرۈپ چۈشكەندىن كېيىن توي قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە ئالماقچى بولغان مەلىكىنىڭ يۇرتىدىن ئاڭلايلى:

بۇ مەملىكەتنىڭ پايتەختىگە يېڭى كەلگەن بىر سودىگەرزادىنىڭ دۇكانغا سالغان ماللىرى ئېسىللىقى بىلەن پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ماللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن، بىر موماي، ئىككى كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرۇپ دۇكانغا كەپتۇ. مەلىكە ماللارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سودىگەرزادىگە: «پۇلنى ھازىر ئەۋەتىپ بېرىمەن» دەپتۇ-دە، ماللارنى ئېلىپ قايتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن موماي پۇلنى ئېلىپ كەپتۇ، ئەمما بۇ چاغدا سودىگەرزادە خۇددى بىمار بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھالسىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن. موماي يىگىتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. يىگىت بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، مومايدىن ئۆزىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. موماي بىر مەپە چاقىرىپ سودىگەرزادىنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپتۇ. ئاي-ھاي، ئۇنىڭ ھۇجرىسى شۇنداق كۆركەم ئىكەنكى، مۇنداق ياسداق ھۇجرا شاھ ئوردىسىدىمۇ يوق ئىكەن. سودىگەرزادە بىر ئازدىن كېيىن سەل ئۆزىگە كەپتۇ. ئۇ، مومايىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، قەنت-گېزەكلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ، ئاندىن سۆز قىلىپ:

— موما، بايىقى گۈزەل سەنەم كىم بولىدۇ؟ ئۇ مال كۆرۈۋاتقاندا شامال يۈزىدىكى رومالنىڭ بىر تەرىپىنى قايرىۋەتتى. كۆزۈم ئۇ گۈزەللەر شاھىنىڭ تولۇن ئايدەك نۇرانە جامالىغا چۈشتى. كۆكسۈمگە ئىشق ئوتى تۇتاشتى، ئۇ ئىختىيارىمنى ئېلىپ كەتتى، — دەپ ھالىنى بايان قىپتۇ.

— ئەي يىگىت. بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچ، بىھۇدە ئاۋارە بولما. مانا پۇلۇڭنى ئېلىپ كەلدىم، ئايشۇ

رۇۋال، — دەپتۇ موماي.

— ئانىجان بۇ پۇللارنى ساڭا بەردىم. بىرئامال قىلىپ مېنى ئۇ ساھىبجامالنىڭ مۇبارەك ۋىسالىغا يەتكۈزسەڭ، — دەپتۇ يىگىت.

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دەپتۇ موماي.

— موما، يۇرتۇم يىراقتا قالدى. بۇ يەرگە مەن مۇساپىرمەن، بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلمەيمەن. ماڭا رەھىم قىلساڭ، ھېچبولمىغاندا مېنى ئاشۇ گۈزەلنىڭ رۇخسارىنى بىر كۆرۈۋېلىش بەختىگە ئېرىشتۈرسەڭ، دېگىنىڭنى بەرسەم، — دەپتۇ يىگىت يالۋۇرۇپ، موماي سودىگەرزادىنىڭ قولىدىكى بىر خالتا تىللاغا ۋە ئۇنىڭ «دېگىنىڭنى بەرسەم» دەۋاتقانلىقىغا قاراپ، بۇ نەق ئولجىنى قولدىن چىقىرىۋەتكۈسى كەلمەي:

— ئەي بايۋەچچە، گېپىمگە قۇلاق سال، ئۇ قىز سۇلتانىمىزنىڭ يالغۇز قىزى، ئۇ يات ئاردا باشقا بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىنماقچى. ئۇ سەندىن ئالغان ماللارنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان كېنىزەكلەرگە سوۋغا قىلىشقا ئالدى. ئىككى پادىشاھ پۈتۈشكەن بۇ ئۇلۇغ توي ئىشىنى بۇزۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن مەن سېنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ باقاي، — دەپتۇ موماي.

— شۇنداق قىل جېنىم ئانا، بارلىق ۋەسلىم بۇ يولدا پىدا، — دەپتۇ بايۋەچچە ۋە شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا موماينىڭ ئۆيىدە تۇرسام، دېگەن خىيال كەپتۇ-دە، — بولسا، ئۆز ئۆيۈڭدىن پاناھلىق بەرگەن بولساڭ، سېنى كۆپ ماڭدۇرۇپ ئاۋارە قىلمايتتىم.

بايۋەچچىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان موماينىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز ئۆيىنىڭ مۇشۇ ھۇجرىدەك يېپەك گىلەم، ئېسىل جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن شاھانە مەنزىرىسى ئۆتۈپتۇ-دە:

— بالام، سېنىڭدىن ئۆي ئايلانسۇن. ھازىر كۈن كەچ بولۇپ قالدى. مەن ئەتە مەلىكىدىن ئىجازەت ئېلىپ كېلىپ سېنى ئۆز ئۆيۈمگە كۆچۈرۈپ كېتەي، — دەپ يېنىپ كېتىپتۇ. دېگەندەك ئەتىسى كېلىپ بايۋەچچىنى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەپتۇ. موماينىڭ كىچىككىنە بىر ھويلىسى، ئىككى ئېغىز ئۆيى ۋە بىر مالىيى بار ئىكەن. موماي بايۋەچچىگە:

— يىگىت، بۇ ئۆي كىچىك ھەم كونىراق، لېكىن ساڭا تارلىق قىلمايدۇ، خالىغىنىڭچە تۇرغىن. بىساتلىرىڭ بىلەن كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك قىلىپ جابدۇغىن. ھالىڭدىن ئۆيۈمدىكى خىزمەتچى خەۋەر ئالىدۇ. مېنىڭ ئوردىدا نۇرغۇن ئىشىم بار، — دەپتۇ-دە، ئوردىغا كېتىپتۇ. بايۋەچچە پىراق ئوتىدا باغرىنى داغلاپ، موماينىڭ كېلىشىنى ئىشىكتىن ماراپ، دەرد-ئەلەم يامغۇرىدا كۆزىنى ياشلاپ يېتىپتۇ. ئەمما موماي شۇ كەتكەنچە قارىسى كۆرۈنمەپتۇ، چۈنكى مەلىكىنىڭ تويى باشلىنىپ كەتكەن ئىكەن. توي 40 كۈن داۋام قىپتۇ. بۇ جەرياندا سودىگەرزادە بارا-بارا تاماقتىنمۇ قاپتۇ. توي تۈگەپ، مەلىكە ئۇزاپ، موماي ئۆيىگە كەلگەندە بايۋەچچە مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ مىدىرلىيالماي ياتقان ئىكەن.

— يىگىت، مۇنداق ئاھ ئۇرۇپ يېتىش بىلەن مۇرادقا يەتكىلى بولمايدۇ. ۋىسال جامىنى كۆتۈرۈشكە مادار كېرەك. ئورنىڭدىن تۇر، يەنە ئۈچ-تۆت ئاي چىداشلىق بەر، بازارغا چىق، ئالغۇ-بەرگىلىرىڭنى تۈگىتىپ، سەپەر كۆكىگە پەرۋاز قىلىشقا قانات-قۇيرۇقىڭنى راسلاپ تۇر، مەن بىر يول تېپىپ قويدۇم. ۋاقتى كەلگەندە ئاتلىنىمىز، — دەپتۇ موماي. بۇ خەۋەردىن روھلانغان بايۋەچچە بىردىنلا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، موماينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ موماينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىققا كىرىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە بىلەن مەلىكىدىن ئاڭلايلى:

مەلىكە شاھزادىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كېلىنگەن كۈنىلا، شاھزادە مەلىكىنى بىرلا دېدەك بىلەن ئاسمان سارايىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئاسمان سارايىغا ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىدىكەن. ئارىدىن ئۈچ-تۆت ئاي ئۆتۈپتۇ. لېكىن، مەلىكىنىڭ قايغۇلۇق تۇرۇلۇپ، قارا بولۇتتەك سىلىنىپ زادىلا ئېچىلماپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە بىر كۈنى:

— مەلىكەم، مەن سىزگە ئەرشتە گۈي تۇتۇپ بەردىم، ئاتا-ئانىسى، يۇرتىنى سېغىنغاندا كۆرۈپ تۇرسۇن، پۈتۈن جاھاننى تاماشا قىلىپ ئىچ پۇشۇقىدىن خالىي بولسۇن، دەپ قولىڭىزغا جاھاننامە تۇتقۇزدۇم.

www.uyghurkitap.com

ئەمما، نېمە ئۈچۈنكى تا ھازىرغىچە رۇخسارىڭىزنى دائىم كۆيگەن ئايدەك تۇتۇق كۆرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇلۇغ، شاھزادەم، — دەپتۇ مەلىكە كۆزىگە ھەسرەتلىك ياش ئېلىپ، — مەن يەر-جاھاندىن
ئايرىلغان بۇ سارايدا ھەر پەيشەنبە سىزنى كۈتۈۋېلىپ، جۈمە كۈنى سىزنى ئۇزىتىپ قويغاندىن سىرت،
بىر لا دېدەك بىلەن گويا قەپەستىكى قۇشتەك ياشاۋاتىمەن. جاھاننامە ئەينىكىدە كۆرۈنگەن كىشىلەر بىلەن
ھەمسۆھبەت بولغىلى بولمايدىكەن.

شاھزادە:

— مەن بۇ يەرگە پەقەت بىر لا دېدەكنى ئېلىپ چىقىشقا شەرت قىلغانىدىم، — دەپتۇ.

— مەن سىز بىلەن ئۇنداق شەرتلەشمىگەنغۇ؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— توغرا، — دەپتۇ شاھزادە ۋە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن قىلىشقان شەرتلىرىنى دەپ بېرىپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە ئاغرىنغاندەك بولۇپ:

— سىز ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز-دە، — دەپتۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. مەقسىتىم سىزنى يامان كۆزدىن ساقلاش، — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇ نىيىتىڭىزگە رەھمەت. مەن كەڭ-كۇشادە ئۆسكەنىدىم. ماڭا قانات-قۇيرۇقى بوغۇپ تاشلان-
غان مېكىياندەك ياشايدىغان مۇنداق ھايات كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە. ئامالسىز قالغان شاھزادە:

— مەلىكەم، ئېيتىڭە، زادى سىزنىڭ كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادىنىڭ ئاغزىدىن دەل مۇشۇ سۆزنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان مەلىكە:

— مەن سىزنىڭ مېنى كېنىزەكلىرىمدىنمۇ، زېمىنىمدىنمۇ جۇدا قىلغىنىڭىزدىن ئاغرىنمايمەن، ئەمما
بىر تەلىپىم بار، شۇنى بەجا كەلتۈرسىڭىز، — دەپتۇ.

— قېنى، ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، — دەپتۇ شاھزادە.

— مېنىڭ مەرھۇمە ئىنىك ئانام تېپىپ بەرگەن بىر ھېكايىچىم بار ئىدى. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ھېكا-
يىلەرنى بىلەتتى، يەنە كېلىپ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ سۆزلەيتتىكى، ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بىزمۇ ھېكايىنىڭ ئى-
چىگە كىرىپ كەتكەندەك بولاتتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرىنى تېخى سۆزلەپ بولمىغان ئىدى. ئۇ، تىكەن-
دەك يالغۇز موماي. شۇ مومايىنى ئەكەلدۈرۈپ بەرسىڭىز، قېرىغاندا ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆت-
كۈزۈۋالسۇن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ھە، سىزمۇ بىر خىزمەتكار ئەپچىقماچى ئىكەنسىزدە، — دەپتۇ شاھزادە، — بوپتۇ، ئىككىمىزنىڭ
بىردىن خادىمىمىز بولسۇن. مەن ئەتىلا ئادەم ماڭغۇزاي.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە-ئۆتمەيلا شاھزادە ھېكايىچى مومايىنى مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىدا پەيدا قىپتۇ.
موماي ئۆزى بىلەن بىرگە يوغان ساندۇقتىن بىرنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كەپتۇ. موماي مەلىكە ۋە شاھزاد-
نىڭ خەيرىخاھلىقىغا كۆپتىن-كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

مومايغا ئاسمان سارىيىدىن ئايرىم بىر خانە راسلاپ بېرىلىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە ئاسمان سارىيىدىن
چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا، مەلىكە ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ھېكايىچى مومىسىنى شاھزادىگە بىر تونۇشتۇرۇپ
قويۇش مەقسىتىدە، ئۇنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. موماي خۇشاللىق بىلەن مۇنۇ ھېكايىنى
سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ۋەزىرىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق
بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بىر مەرىكىدە پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ ۋەزىرنى
يىراق بىر يەرگە ئىشقا بۇيرۇۋېتىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ غەرىزىنى بىلگەن ۋەزىرنىڭ
خوتۇنى پادىشاھنى ھۆرمەتلەپ تۆرگە چىقىرىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا
تۈرلۈك ناز-نېمەتلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل رەڭدە بويالغان سەككىز دانە تۇخۇمنى پىشۇرۇپ ئېلىپ
چىقىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇ تۇخۇملارنى شاكىلىدىن ئاجرىتىپ يېيىپ باققان ئىكەن، گەرچە تۇخۇملارنىڭ
سىرتى ھەرخىل بويالغان بولسىمۇ، تەمى بىرخىل ئىكەن، بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان پادىشاھ بۇنىڭ سە-
ۋەبىنى سورىغان ئىكەن، ۋەزىرنىڭ خوتۇنى: «شاھىم، بەرتلەر گە ئايالغىمۇ بۇ ئايالغىمۇ، قانات سۈرەي

دۇ، ۋەھالەنكى ئاياللارمۇ شاكىلى بويالغان مۇشۇ تۇخۇملارغا ئوخشاش خىلمۇخىل بولسىمۇ، تەمى بىرخىل» دەپتۇ. پادىشاھ بۇگەپنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىدىن يېنىپتۇ.
جاھاندا ئەنە شۇنداق ۋۇجۇدىغا كىر قوندۇرمايدىغان ئاياللارمۇ ئۆتۈپتىكەن،— دەپ ھېكايىسىنى ئاخىر-لاشتۇرۇپتۇ موماي، شاھزادە بۇ ھېكايىدىن ھەم مومايدىن مەمنۇن بوپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ مەلىكىنىڭ چىرايمۇ تولغان ئايدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. موماي مەلىكە بىلەن يالغۇز قالغان چاغلاردا قولتۇقىغا بىر چۇ-جىنى تىقىۋېلىپ، ئارىلاپ ئۇنى «چۇك-چۇك» قىلغۇزۇپ قويىدىكەن. مەلىكە دەسلەپ بۇنىڭغا ئېرەن قىلماپتۇ. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن:
— موما، چۇكۇلدىغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قىزىم، بۇ توغرىدا ئادەم بار يەردە ئېغىز ئاچماڭ، مۆرىتى كەلگەندە سۆزلەپ بېرىمەن، — دەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ كەچلىك تاماقتا دېدەكنىڭ تامىقىغا دورا بىھوش سېلىپ قويۇپتۇ. دېدەك بىردەمدىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ. موماي مەلىكىگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، قولتۇقىدىكى چۈجىنى قىسىپ قويۇپتى-كەن، چۈجە چۇكۇلداپتۇ. مەلىكە مومايدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ.
— ۋاي ئاپىياق مەلىكەم، بۇ نېمە بولاتتى، چۇك-چۇك كېسىلىم، — دەپتۇ موماي.
— خۇدايا توۋا، چۇك-چۇك كېسەل دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ مەلىكە تېخىمۇ ھەيران بولۇپ،
— شۇنداق، بۇنداق كېسەل ھەممىلا ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ. كۆپىنچە ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىكى گۈزەل ئاياللار مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن، — دەپتۇموماي.
— ئۇنداقتا سىزمۇ ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە مومايدىن.
— ياق، مەلىكەم، مەن ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىدىم، بىراق ياش ۋاقتىمدا بەك چىرايلىق ئى-كەنمەن.
شۇ گۈزەل چېھرىم ۋە كېلىشكەن قەددىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ، مۇشۇنداق چۇك-چۇك كې-سەلگە دۇچار قىلدى، — دەپتۇ موماي.
— ئادەمنىڭ چىرايمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولامدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.
— ھوي قىزىم، — دەپتۇ موماي ئۇھ تارتىپ، — يالغۇز قىز بولغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ چىرايلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاتام مېنى بىر ئېسىلزادىگە بەردى. ئېرىم مېنى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەتتى. ئۇن يىلغىچە ئېرىمدىن ۋە بىر نەچچە دېدەكتىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدىم. ھەمىشە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرىمەن. كېيىن ئاڭلىسام نۇرغۇن يىگىتلەر ماڭا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار كېچە-كۈندۈز مېنىڭ ئىشقىمدا ئاھ ئۇرىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشقى-پىراقلىرىنى بايان قىلىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ماڭا نامىلەرنى كىرگۈزدى، لېكىن مەن پەرۋا قىلمىدىم. يىللار ئۆتتى. «ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ قان ياشلىق ئاھى مېنى تۇتتى، شۇنداق قىلىپ «چۇك-چۇك» كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم.
— كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ تەقەززالىق بىلەن سوراپتۇ مەلىكە.
— قانداق بولاتتى جېنىم مەلىكەم، «ئۇز چېغىمدا گۈلۈمسەن، كېسەل بولغاندا كەتمەمسەن» دېگەن-دەك بولدى. ئېرىم مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن سەرسان-سەرگەردان بولۇپ، دەرد-ئەلەم باياۋاننى كېزىپ يۈردۈم. ھېلىمۇ ياخشى، ئېرىمنىڭ ئۆيى كىتابلار كانى ئىدى. مەن ئۇ كى-تابلارنى ئوقۇپ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىكەنمەن، ئاخىرى جان بېقىشىمغا شۇ ھېكايىلەر ئە-قاتتى. بىر كۈنى جاھانكەشتىلىك بىلەن سىزنىڭ شەھىرىڭىزگە كېلىپ قاپتىمەن. بىر مەھەللىدە ئۈششاق با-لىلارغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىمدا، رەھمەتلىك ئىنىك ئانىڭىزغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ مېنى مۇبارەك ئاستانىڭىزغا باشلاپ ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ باردى. ئىلتىپاتىڭىز بىلەن ياخشى كۈنلەرگە مۇيەسسەر بولدۇم.
— توۋا، جاھاندا مۇنداق ئىشلارمۇ بولىدىكەن-ھە. خۇداغا شۈكرى، مەن ئۇنداق گۈزەل ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە.

— قىزىم، — دەپتۇ موماي، — سىز ئۆزىڭىزنى گۈزەللەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتسىڭىز، بۇ، ئـون سـەككىزمىڭ ئالەمدە گۈزەل يوق دېگەن گەپ ئەمەسمۇ! سىزنىڭ جامالىڭىز مۇشۇ دەريـاغا چۈشسە، ئۇنىڭدىن ئەكس ئەتكەن شولىدىن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى گويا قۇياش يەرگە چۈشۈپ قـالغاندەك يـورۇپ كېتىدىكەن. بۇ نۇر ئۆز شەھرىڭىزدىمۇ كىملەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرمىگەن دەيسىز ؟

— موما، مەن ئۆز شەھرىمدە ئاتا ـ ئانام، رەھمەتلىك ئىنىك ئانام ۋە خاس كېنىزەكلىرىمدىن بـاشقا ھېچكىمنى كـۆرمىگەن. كـېيىن ئـىنىك ئـانام سىزنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە ئـېلىپ كـەلگەندە سىزنى كۆردۈم. بۇ يەردە شاھزادە، سىز ۋە دېدەكتىن بـۆلەك ئـادەمزاتنى كـۆرمىدىم، بـەلكىم مـەن بـاشقىلارغا ئىشق ئوتىنى يېقىشتىن يىراقتۇرمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ مەلىكەم، — دەپتۇ موماي پۈرسەتنى چىڭ تـۇتۇپ، — ئـەگەر سىزمۇ ئىخىستەلىك قىلسىڭىز، ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق مېرەز كېسەلگە گـىرىپتار بـولۇپ قـالىسىز، كـېيىن ھـەر قانچە قىلىپمۇ بۇ كېسەلدىن قۇتۇلالمايسىز. مـەن بـۇ قـېتىم خىزمىتىڭىزگە مـۇشەررەپ بـولۇش ئـىشتىياقىدا يولغا چىقىش ئالدىدا چار بېغىڭىزنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم. شۇ چاغدا چار بېغىڭىزنىڭ تېمى تۈۋىدە بـىرىنىڭ مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بېرىپ قارىسام، بىر يـاش يـىگىت ئـىكەن. ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغاندىم، ئۇ ماڭا «بىر پەرى پـەيكەرنىڭ قـوشۇمىسىدىن ئېتىلغان ئـوق مېنى يـىقىتتى. مـەن ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزى چۈشكەن تۇپراقنى تاۋاپ قىلىپ يېتىپتىمەن...»، دېدى موماي.

— ئۇ كىم ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

موماي:

— كىم بولاتتى قىزىم، ئۇ يىگىتنىڭ چار بېغىڭىزنىڭ تېمى ئاستىدا زار ـ زار يـىغلاپ يـاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭغا ئىشق ئوتىنى ياققان باشقا بىرى ئەمەس، سىز دېگەن قارارغا كەلدىم، — دەپ قولتۇقىنى قاتتىق قىسقان ئىكەن، بايىقى چۈك ـ چۈك ئاۋاز ئاسمان سارىيىنى بىر ئاپتۇ. مەلىكە ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن مومايغا قاراپ:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتىدۇ قىزىم. بىلىشىمچە، سىزگە ئاشىق بولغانلار ئاز ئەمەس. بىرەرىگە بـولسىمۇ مەرھەمەت كۆزىڭىز بىلەن قـاراپ قويمىدىڭىز. سىزنىڭمۇ مەندەك «چۈك ـ چۈك» كېسەل بـولۇپ قېلىشىڭىز چوقۇم، — دەپتۇ موماي. مەلىكە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن:

— موما ئۇنداق بولسا، ھېلىقى سىزگە ھال ئېيتقان يىگىتتىن خەۋەر ئالساق بولامدىكىن؟ — دەپتۇ.

— توغرا دېدىڭ جېنىم قىزىم، — دەپتۇ موماي.

— بىراق، ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ خەۋەر ئالىمىز ؟ — دەپتۇ مەلىكە. موماي:

— قىزىم، ئۇ يىگىتنى سېنىڭ قېشىڭغا كېيىن ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈم بـىلەن بـىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم. كەل، ئاپىپاق قىزىم، ئۇنىڭ ھالىغا يەت، مۇبارەك جامالىڭ بىلەن دەردىگە دەرمـان بـول، ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتىگە يۇمشاق تېنىڭنى مەلھەم قىلىپ ياق، لالە لېۋىڭنى لېۋىگە يـېپىشتۇرۇپ، ئـىسسىق تېنىڭ بىلەن ئۇ بىچارىنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىغا جان ئـاتا قـىل! — دەپ مـەلىكنى ئـۆز ھـۇجرىسىغا بـاشلاپ كىرىپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ.

ئەمدى شاھزادىدىن ئىككى كەلىمە سۆز ئاڭلايلى:

شاھزادە بىر پەيشەنبە كۈنى ئاسمان سارىيىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، دەريانىڭ بېرىقى قېتىدىكى ئـورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى سۇ بويىغا قىلىچ ئاسقان، قالقان تۇتقان، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر ئـاتلىق ئادەمنىڭ كېلىپ تـوختىغانلىقىنى كـۆرۈپ قـاپتۇ ـ دە، كـۆڭلىدە «بىزگە دۈشمـەن بـاستۇرۇپ كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ بۇ ئادەم ئالدىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرچى بولمىسۇن يـەنە» دەپ ئـويلاپ، دەرھـال كـەينىگە يـېنىپ ئورمانلىققا چۈشۈپ، ھېلىقى ئاتلىق پەيدا بـولغان جـايغا يـېقىنراق بىر يـەرگە يـوشۇرۇنۇپ تـۇرۇپتۇ. ئـۇ ئادەم ئات ئۈستىدىن بىر كۆرپىنى ئېلىپ يەرگە سالغاندىن كېيىن، غانجۇغىغا باغلانغان خۇرجۇننى ئېلىپ ئۈنى ئاچقان ئىكەن خۇرجۇن ئىچىدىن 17 ـ 18 ياشلاردىكى بىر قىز چىقىپتۇ. قىزنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئورما

مانلىق يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. قىز دەرھال سەپەر ئوچۇقىنى قورۇپ، چوگۈنگە سۇ ئېسىپ، ئوتۇن تېرىپ ئوت قالاپ چاي قاينىتىپتۇ. ئۇلار تورلۇك نازۇ-نېمەتلەر بىلەن چاي ئىچىشىپتۇ، بەزمە قۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم قىزنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپتۇ. قىز يانچۇقىدىن بىرنېمىنى ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ بۇرنىغا بىردەم تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىدىن ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇ، ئۇ كىشى ھېچنېمىنى تۇيماي ئۆلۈكتەك قېتىپ ئۇخلاۋېرىپتۇ. قىز ئۆزى چىققان ساندۇقتىكى كىيىمى ئارىسىدىن بىر قۇتىنى ئېلىپ ئاچقان ئىكەن، قۇتىدىن نەۋقىران بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز ئۇنى ئوزۇقلاندۇرغاندىن كېيىن ئىككى ئەتراپنى بىردەم سەيلە-تاماشا قىپتۇ، ئاندىن مۇھەببەت جۇشىدە بىر تەن-بىر جان بولۇپ كېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قىز «ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى» دەپ يىگىتنى قۇتىغا كىرگۈزۈپ ساندۇققا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەك ھېلقى كىشىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېكايىچى موماي ئېلىپ كەلگەن يوغان ساندۇق كەپتۇ-دە، ئۇنىڭ كاللىسىدا «مېنىڭ مەلىكەمۇ تەنھا ئەمەس» دېگەن ھۆكۈم پەيدا بوپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇخلاپ ياتقان كىشى ئويغىنىپتۇ-دە، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالمان-تالمان قىزنى ئەسلىي جايىغا بەنت قىلىپ، لاقا-لۇقىنى ئاتقا ئارتىپ، ئۆزەڭگىگە پۇتىنى قويۇشىغا تۇيۇقسىز:

— ھەي ئەزىز مېھمان، توختاڭ!— دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كىشى ئەندىشىگە چۈشۈپ ئەتراپىغا سا-راسىملىق بىلەن قاراپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ. يەردىن چىققاندەك پەيدا بولغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولغان يولۇچى:

— سالامەت بول يىگىت، نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

— كۆڭۈل-كۆكسۈمنى ئېچىش ئۈچۈن ئورمانلىق ئىچىدە ساياھەت قىلىپ يۈرگەنىدىم، بۇ يەرگە كېلىپ ساڭا يولۇقۇپ قالدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

— مەندە ئىشىڭ بولمىسا مەن ماڭاي، — دەپتۇ يولۇچى.

— ئاكا، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن مۇشۇ مەملىكەت شاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. سىزنى قەسرىمگە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلماقچىمەن، چۈنكى سەن بىزگە مېھمان.

— مەن بارالمايمەن، مەنزىلىم يىراق، يولۇمدىن توسىما، — دەپتۇ يولۇچى.

— تەكلىپ قىلغان جايغا بارالماسلىق ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، ھۆرمەتسىزلىك دوستلۇقنى بۇزىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە، بۇگەپنى ئاڭلاپ يولۇچى نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئېتىنى ئوتلاش ئۈچۈن ئور-مانغا قويۇپ بېرىپ، ئۇ كىشىنى خۇرجۇنى بىلەن ئاسمان سارىيىغا ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئۇ ئاخشىمى ئىززەت-ئېكرام بىلەن كۈتۈپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن مەلىكىگە چۈشلۈك تاماقنى سەككىز كىشىلىك تەييارلاشنى بۇيد-رۇپتۇ. تاماق تەييار بوپتۇ. داستىخانغا سەككىز كىشىلىك تاماق كەلتۈرۈلۈپتۇ. شاھزادە ئۈچ تەخسە تاماقنى مېھماننىڭ ئالدىغا، ئىككى تەخسە تاماقنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا، بىر تەخسە تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. موماي بىلەن دېدەكنىمۇ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى تەخسە تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن:

— قېنى، قىممەتلىك مېھمانلىرىم، غىزاغا بېقىڭلار، — دەپ ھەممەيلەننى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. بۇنىڭ-دىن تەئەججۇپلەنگەن مېھمان:

— شاھزادە، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ قىزىقچىلىق قىلىۋاتامسىز نېمە؟ بىر جېنىمغا ئۈچ تەخسە تاماقنى قانداق يەيمەن؟ — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئېگىسى بار، — دەپتۇ شاھزادە ۋە، — ئەي مېھمىنىم، سەنمۇ مەن ئويلىغاننى ئويلىغان ئىكەن-سەن، ئەپسۇسكى، سەن ئۆزۈڭدىنمۇ ئۇستا سېھىرگەرنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپسەن. رەنجىمەي خۇرجۇنۇڭ-دىكى ساندۇقتا ياتقان مەھبۇبەڭنى چىقار، ئۇمۇ ماڭا مېھمان بولۇپ غىزالانسۇن.

بۇنى ئاڭلىغان مېھماننىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ، چۈنكى بۇ سىردىن ھېچكىم خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. ئۇ «شاھزادە ئورمانلىقتىكى مەخپىيىتىمدىن خەۋەردار بولغان ئىكەن-دە» دەپ ئويلاپ، غىڭ-پىڭ قىلماي خۇرجۇنى ئېچىپ، ساندۇق ئىچىدىكى قىزنى چىقىرىپتۇ. شاھزادە مېھماننىڭ ئالدىدىكى ئۈچ تەخسە تا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى تەخسىنى قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن قىزغا:

— ساندۇقتا سەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان يىگىتنى قۇتىدىن چىقار، — دەپ ئەمىر قىپتۇ. قىز قورققىنىدىن چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ، ئەزايى-بەدىنى غال-غال تىترەپتۇ. ئەمما، نېمە ئىلاج؟ ئۇ يىگىتنى چىقىرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن مېھمان غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، ئۇلارنى چېپىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. شاھزادە ئۇنى توختىتىپ:

— ئەي پالۋان، نامەردلىك قىلما. ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ يۈرگەندە گەپ قىلماي، ماڭا مېھمان بولغاندا تىغ كۆتۈرسەڭ دۇرۇس بولماس، — دەپتۇ، ئاندىن ئۆز مەلىكىسگە قاراپ:

— سەنمۇ ئېلىپ چىق! — دەپ خىتاب قىپتۇ، لېكىن مەلىكە مىدىر قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. غەزىپى قايناپ تاشقان شاھزادە:

— مەن ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، قوپ ئورنىڭدىن! — دەپ قولى بىلەن مەلىكىنى نوقۇغان ئىكەن، مەلىكە ئولتۇرغان جايىغا يىقىلىپتۇ. چۈنكى، ئۇ مېھماننىڭ ئالدىغا ئۈچ تەخسە تاماق قويغانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلىش بىلەنلا، ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئىككى تەخسە تاماق قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ، قورققىنىدىن ئاللىقاچان جېنى قەپىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن.

شاھزادە قېرى دەللىگە ئىشارەت قىپتۇ. دەللە تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆزىگە بېرىلگەن خانىدە ھېلىقى چوڭ ساندۇقتا ساقلاۋاتقان سودىگەرزادىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېدەك ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ھەيرانۇ ھەس بولۇپ:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت؟! نىجىس مەخلۇقنى ئەجەب كۆرمەپتىمەنغۇ، بۇ ئىپلاس دەللە مېنىڭ كۆزۈمنى باغلاپ قويغانمۇ نېمە؟ — دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ. شاھزادە:

— چۆرەم، سەن گۇناھسىز، پەلەكنىڭ مانا مۇشۇنداق كارامەت ئويۇنلىرى بار، — دەپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇپتۇ. دەل شۇ پەيتتە يولۇچى ئۆز خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئوينىشىنى ئىككى قولتۇقىغا قىسىپ قەسىرنىڭ چۆرىسىگە قويۇلغان تۆمۈر سالاسۇن تەرەپكە مېڭىپتۇ. شاھزادە:

— ئۇلارنى نەگە ئېلىپ بارىسەن؟ نېمە قىلماقچى سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ مەلئۇنلارنى دەرياغا تاشلىۋەتمەكچىمەن، لەھەڭلەرگە يەم بولسۇن! — دەپتۇ يولۇچى.

— ياق، بولمايدۇ، — دەپتۇ شاھزادە، — بۇ ئىپلاسلارنىڭ ناپاك تېنى بىلەن سۈزۈك، ساپ دەريا سۈيى بۇلغانمىسۇن — دەپتۇ-دە، يۈگۈرۈپ خانىسىگە كىرىپ زۇلپىقارنى يالىڭاچلاپ ئەپچىقىپتۇ ۋە مېھمانغا قاراپ:

— قىلىچىڭ بىلەن ئەمدى چاپقىن! — دەپتۇ. مېھمان ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن ئۇنىڭ ئوينىشىنى چېپىپتۇ. ئاندىن شاھزادە مەلىكە، سودىگەرزادە ۋە قېرى دەللىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە مېھمانغا:

— مەن نازاكەت باغىدىن دىيانەت گۈلىنى كۈتكەنىدىم، بىراق بۇنىڭغا ئاسمان ساراي بىلەنمۇ، سەن ئىشلەتكەن سېھرىي جادۇ قىلىش بىلەنمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىكەن. مەن ھازىر شۇ خاتالىقىمنى تونۇدۇم. سۆيگۈ سۇلتانىنىڭ تەختى بولغان پۈتۈن زېمىن-ۋۇجۇت ساداقەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ ۋاپا گۈلىستانىغا ئايلىنالىسا، ئاندىن بۇ باغدا تۈزىماس بەخت گۈلى پارلايدىكەن، — دەپتۇ-دە، مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

سېھىرلەرنى سېھىر يېڭەر، ھىيلىنى مىكىر،
ۋە لېكىن ھېچ يېڭەلمىگەچ ۋاپا-دىيانەت.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بەدىردىن ئاخۇن، 70 ياش، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە، تۇدۇڭخابا يولات زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، پېنسىيەگە چىققان.

**توپلىغۇچى: پازىل قادىر**
(«تىيانشان رايونلۇق خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى)



# توپۇق ئويۇنى

مەۋلان غوجى

مەشرەپ ــ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئىشتىن سىرتقى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ كونا يىلنى ئۇزدىتىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالغان پەيتلەردە ۋە توي - تۆكۈنلەردە ئۆتكۈزۈلۈشتىن سىرت، ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ۋە ئۆزىگە مۇناسىپ ئىش - پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى بىلەن بەلگىلىك قەرەلدە ئاخشاملىرى ئۆيلەردىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپ بەرگۈچى ساھىبخانا مەشرەپ ئەھلىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چامىسىنىڭ يېتىشىچە داستىخان تەييارلايدۇ. مەشرەپ كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇقنى كۈچەيتىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش، سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى سورۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى، ئويۇنلار، لىرىكىلىق، ھېسسىياتقا باي نەپىس ھەرىكەت شەكىللىرىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. مەشرەپ سىردىشىش، بېيىت ئېيتىشىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، قىزىقچىلىق قىلىشتەك مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تالانتلىق سازەندىلەر نەغمە - ناۋا قىلىشىدۇ، مەشرەپكە قاتناشقان سورۇن ئەھلىنىڭ ھەممىسى مەشرەپنىڭ تەرتىپ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلغان ھالدا خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئويۇنلارغا تولۇق ۋە قىزغىن قاتنىشىدۇ.

توپۇق ئويۇنى ــ مەشرەپلەردىكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، توپۇق ــ ھايۋاننىڭ تىزىدىكى ئۇچ بۇرجەك شەكىللىك سۆڭەكتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۇچى پەسكە قاراپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۆزئارا تەقدىم قىلىپ ئويناش ئۈچۈن، توپۇق سۆڭىكىنى ئالاھىدە تەييارلايدۇ. خەلقىمىزدە توپۇق ئويناشنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى توتېم ئېتىقادى ھەققىدە توختىلىپ، «... مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سۆڭەك مۇنچاقلار، توپۇق ئاسقلارغا بولغان ئەقىدىسى بىلەن مەلۇم ئەقىدىگە ئالاقىدار قەبرىلەرگە مۈڭگۈزلەر ئېسىپ قويىدىغانلىقى بۇ خىل ئادەتنىڭ تولىمۇ قەدىمىلىكىنى تەستىقلايدۇ» ① دەيدۇ. «بىز ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل تۇغۇلسا ‹بۆرە› دەپ ئىشارەت قىلىنىدىغانلىقىنى، بۆرە توپۇقىنى تۇمار ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلىمىز»②. بۇنىڭدىن بىز قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېم ئېتىقادى يۈزىسىدىن بۆرە توپۇقىنى كۆز تېگىش، بالايىئاپەت ۋە جىندىن ساقلايدۇ دەپ قاراپ، ئەتىۋارلاپ داۋاملىق يېنىدا ساقلاپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئادەتتە كىشىلەر توپۇقنى تېپىپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالىدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «توپىق» سۆزىگە مۇنداق ئىككى خىل ئىزاھات بەرگەن: بىرى، «توپىق ــ توپۇق. چوگەن بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان توپۇق توپ» ③. ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ توپىق سۆزىنى «دىۋان»دا «توپىق ــ توپۇق، چوگەن بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان توپۇق توپ» دەپ چۈشەندۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ياشاش شارائىتىغا زىچ ماسلاشقان، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئات ئۈستى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولغان چوگەن ئويۇنىدا چوگەننىڭ توپى توپۇقتىن ياسالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «دىۋان»دا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئىلىشدى ــ ئول مەنىڭ بىرلە توپىق ئىلىشدى ــ ئۇ مېنىڭ بىلەن توپۇق ئويناشتى (ئىلىشۇر ــ ئىلىشمەك)»④ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. يەنە بىرى، «توپىق ــ توپۇق. توپىق سۆڭەك ــ قوينىڭ توپۇق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا»⑤. بىر قىسىم جايلاردا ھېيت - ئايەملەردە مېھمانلارنى ئۇزاتقاندا مېھماننىڭ ئالدىغا قويغان گۆشكە توپۇق سېلىپ قويۇش، ئۇنى تاپالىسا مېھمان نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى قىلىپ بېرىش،

www.uyghurkitap.com



گۆش تۆگىگىچمۇ تاپالمىسا، مېھماننىڭ تەلپىنى ئورۇنداپ بېرىشتەك ئۆيۈنمۇ بار. بۇ مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تىلغا ئالغان «قوينىڭ توپۇق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا» شۇمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن گۇماننى قوزغايدۇ. «دىۋان»دا يەنە «قىرما — قىرما، كونۇس. ئۇچى ئۇچلۇق، تۆۋى دۈگىلەك نەرسە. قىرما توپۇق — ئۇچى ئۇچلۇق، تۆۋى دۈگىلەك پىلدىرلىغۇچ»⑥ دېيىلگەن بولۇپ، «قىرما توپۇق» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، ئەينى دەۋرلەردە توپۇقتىن بەزى ئويۇنچۇقلارنىڭمۇ ياسىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈپ، ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن توپۇقنى بۆرىدىن ئەمەس، بەلكى قوي ياكى ئۆچكىلەرنىڭ ئارقا پۇت سىنىدىن ئالىدىغان بولغان. ئات، كالا، تۆگە قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنىڭكىدىن ئالماسلىقىدىكى سەۋەب، بەلكىم چوڭ ھايۋانلارنىڭ توپۇقلىرى چوڭ بولغانلىقتىن يېنىدا ئېلىپ، ئېسىپ يۈرۈشكە ئەپسىز بولغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. «توپۇق ئويۇننىڭ ئويۇنلىشى، توپۇق ئوينىغۇچى ئىككى كىشى بىر يەردە تۇرغان بولسۇن ياكى يىراق يەردە بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇق سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىرى يەنە بىرىگە پاكىزلانغان توپۇقنى تېشىپ يىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. توپۇقنى قوبۇل قىلغان دوستى ئۇنى ئېلىپ يېنىدا ساقلايدۇ. توپۇق بەرگۈچى خالىغان مەزگىلدە تويۇقسىز توپۇقنى سورايدۇ، توپۇق ئالغۇچى دەرھال چىقىرىپ بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلالىسا ئۇ ئۇتقان بولىدۇ. بۇ چاغدا توپۇق بەرگۈچى قوي، كالا، ھەتتا تۆگە سويۇپ چاي (مەشرەپ) بېرىپ دوستىنىڭ ساداقىتىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. مۇبادا دېگەن ۋاقىتتا توپۇقنى چىقىرىپ بېرەلمىسە، توپۇق ئالغۇچى ئۇتتۇرغان بولۇپ، ئۇتقۇچى تەرەپكە مەشرەپ - چاي بېرىدۇ»⑦. لوپنۇر، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىكى مەشرەپ ۋە خەلق ئويۇنلىرى ئىچىدە توپۇق ئويۇنى ساقلىنىپ قالغان. تۇردى تالىش «توپۇق مەشرەپى» ناملىق ماقالىسىدە توپۇق تۇتۇش ئويۇنىنىڭ لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە «توپۇق قوينىڭ ئالدى قولىنىڭ ئۈستىدىكى بوختاق گۆشنىڭ ئىچىدىكى بوختاق ئۇستىخانغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان، ئادەمنىڭ باش مىرىگىچىلىك ئۇستىخان، بۇنى توپۇق دەپ ئاتايمىز... ئۆيگە مېھمان كەلسە ياكى كۆڭۈلدىكى ئادەمنى مېھمانغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا توپۇق قىرىۋېتىپ، كېيىن تونۇيالماي قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مىخ قېقىپ ياكى سىم يۆگەپ، يەنە گۆشنىڭ ئىچىگە تىقىپ، باشقا گۆشلەر بىلەن ئوخشاش پىشۇرغاندىن كېيىن، لېگەن ياكى تەخسىگە ئۇسۇپ ئېلىپ چىقىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ. مېھمان گۆشنى يەۋېتىپ ياكى يەپ بولۇپ توپۇق بارلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەگەر ئېيتمىسا، ساھىبخانا مەن سىزگە توپۇق تۇتتۇم دەيدۇ»⑧ دەپ يازىدۇ.

توپۇق ئوينايدىغان كىشىلەر قانداق ئادەم بولسا بولىۋېرىدۇ. «... توپۇق سۆڭىكى چىققان ئادەم بىللە غىزالانغان سورۇنداشلىرىدىن بىرىنى (ئۇ ئايال بولسىمۇ بولىدۇ، ئەر بولسىمۇ بولىدۇ، قېرىنداشلىرى بولسىمۇ بولىدۇ، دوستلىرى بولسىمۇ بولىدۇ. ئۆزى ئىشەنچ قىلغان، توپۇق ئويۇنىغا ئەمەل قىلالايدىغان ساداقەتمەن، مەرد ئادەم بولسىلا كىم بولسا چەكلەنمەيدۇ) تاللاپ توپۇق ئويۇنى ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. تاللانغان بۇرادىرى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، توپۇقنى كىم ساقلايدىغانلىقى بېكىتىلىدۇ ياكى چەك تاشلاپ توپۇقنى ساقلىغۇچى بېكىتىلىدۇ، ئارقىدىن ۋاقىت توختىتىلىدۇ، چەك بەلگىلىنىدۇ. بىر ئاي بولسىمۇ بولىدۇ، بىر يىل بولسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا ئون يىل بولسىمۇ بولىدۇ، مانا شۇ مۇددەت ئىچىدە توپۇق ئوينىغۇچى توپۇق ساقلىغۇچى كىشىدىن بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە خالىغان ۋاقىتتا 〈توپۇقۇمنى بەر〉 دەپ سورايدۇ» ⑨. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلار توپۇق ئويۇنىدا ئۇتتۇرۇۋەتكەن كىشىگە بېرىلىدىغان جازامۇ شۇ ۋاقىتتىلا بېكىتىلىدۇ، توپۇق تۇتۇلغان كىشىنىڭ ئۇنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن كىشىگە جازا چوقۇم ئىجرا قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇتتۇرۇۋەتكۈچى چىدىماسلىق قىلىپ، جازانى ئىجرا قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنىڭ ۋە توپۇق ئويۇنى ئوينىغان سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشەنچىسىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالىدۇ، يۈز - ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ، ھەتتا شۇنىڭدىن كېيىن توپۇق ئويۇنىغا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. ئەگەر گېپىدە تۇرۇپ يەڭگۈچىنىڭ تەلپىنى ئورۇنداپ بەرسە، سىناقتىن ئۆتكەن ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ مەردلىكى، سېخىيلىقى، سەمىمىيلىكى كۆپچىلىكنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆسىدۇ.

قىسقىسى، توپۇق ئويۇنى مەيلى نورۇز، ھېيت - ئايەم ۋە مەشرەپلەردە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكىنى سىنايدىغان، ھوشيارلىقنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل قىزىقارلىق ئويۇن سۈپىتىدە تاكى ھازىرغىچە دا-

ۋاملىشىپ كەلدى. «توپۇق ئويۇنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئويۇن. توپۇق ئويۇنى — شەرتى ئېغىر، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، مۇددىتى ئۇزاق، ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىگە تەڭ ئومۇملاشقان ئويۇن. بۇ ئويۇن دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەم بولۇشنى، دوستىنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئۇنتۇلماس، ساداقەتمەن دوستلۇقنى سىناش ئويۇنى، بۇ ئويۇن ئۈچۈن قوي ياكى ئۆچكىنىڭ توپۇقى لازىم. توپۇق قوي ياكى ئۆچكىنىڭ ئارقا پۇت سېنىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مۇستەھكەم ئۇيۇللۇقتا ئىگە. گۆش بىلەن توپۇق سۆڭىكى ئارىسىدىكى ئۇيۇللۇقنى پىچاق بىلەن ئاجرىتىشمۇ خېلى قىيىن. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇق غايىسىنى ئەنە شۇ گۆش بىلەن توپۇق سۆڭىكى ئارىسىدىكى ئۇيۇللۇققا سىمۋول قىلغان» ⑩. شۇنى تىلغا ئالماي بولمايدۇكى، شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ئويۇن ئاساسەن ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان، بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك شەكلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىزاھلار:

①، ② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 3 - ئاي، 1 - نەشرى، 47 - ، 149 - بەت.

③، ④، ⑤، ⑥ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي، 1 - نەشرى، 1 - توم، 492 - ، 256 - ، 492 - ، 564 - بەتلەر.

⑦، ⑩ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى 8 - ئاي، 1 - نەشرى، 209 - ، 210 - بەتلەر.

⑧ تۇردى تالىش: «توپۇق مەشرىپى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2009 - يىلى، 1 - سان، 65 - بەت.

⑨ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «قائىدە - يوسۇنلىرىمىز»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2009 - يىلى 12 - ئاي، 1 - نەشرى، 309 - ، 310 - بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە تەھرىر مەركىزىدە)


# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇنۇنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۈلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، باللارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004—3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 — 58

تېلېفون نومۇرى: 4554017 — 0991

E-mail:miras uyghur @126.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاخباراتچىلىق ۋە مەدەنىيەت

زەينۇرە مەخسۇم

ھەرقايسى ئەللەردىكى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ «ئاخبارات» دېگەن ئۇقۇمغا بەرگەن تەبىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇ ئوخشىماسلىق ئەلۋەتتە ھەرقايسى ئەل ۋە رايونلاردىكى ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىماسلىقى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى، تەبىر بەرگۈچىلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

قىسقىسى، «ئاخبارات دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلە ئۈزاقتىن بېرى مۇلاھىزە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىردۇر. ئاددىيلا قىلىپ ئېيتقاندا، ئاخبارات يېڭى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلىشتىن ئىبارەت «ئاخبارات» ئۇقۇمىنىڭ ھەر خىل تىل ۋە ئىبقىم مۇھىتىدىكى مەنە دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇنى تار مەنىدىكى ئاخبارات ۋە كەڭ مەنىدىكى ئاخبارات دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. تار مەنىدىكى ئاخبارات يېزىقچىلىق ژانىرلىرى ئىچىدىكى «خەۋەر»نى كۆرسەتسە، كەڭ مەنىدىكى ئاخبارات خەۋەر، تەسۋىرىي خەۋەر، ئوچېرىك قاتارلىق ئاخبارات ژانىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى تار مەنىدىكى ئاخبارات بولسۇن، مەيلى كەڭ مەنىدىكى ئاخبارات بولسۇن ھەر ئىككىلىسى جامائەتكە خىلمۇخىل ئۇچۇرلارنى تارقىتىش، يەتكۈزۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئاخبارات — ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەلۇم بىر دۆلەت رايون ياكى مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە ئاخباراتچىلىقنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. چۈنكى ئاخبارات پەقەت ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەرنى تارقىتىپلا قالماي، يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كىچىك كارتىنىسى ياكى ئومۇمىي قىياپىتىنى تارقىتىدۇ ۋە

ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئاخبارات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، تەتقىق قىلىش بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ ماقالىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاخبارات كەڭ مەنىدىكى ئاخبارات ۋە تار مەنىدىكى ئاخبارات دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت تار مەنىدىكى ئاخباراتنىلا كۆزدە تۇتىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخبارات تارقىتىش ئىشلىرىمۇ ئېغىزچە ئاخبارات، يازما ئاخبارات، مەتبەئەلىك ئاخبارات، ئېلېكترونلۇق ئاخباراتتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ شەكىللەنگەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بۇ تۆت خىل تارقىتىش باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېلېكترونلۇق ئاخباراتنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئەڭ قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئالدىنقى ئۈچ باسقۇچنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە زور بولدى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ھەم تارقىلىش دائىرىسى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن بەكرەك كېڭەيدى. زامانىۋى قاتناش قوراللىرى، زامانىۋى ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىمۇ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىنىمۇ غايەت زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ، ئاخبارات يېزىقچىلىقىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك «ئالتە ئامىل» دەپ قارالغان «قاچان، قەيەردە، كىم، نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن، نەتىجىسى قانداق بولدى» دېگەن ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى ئىش، ۋەقەگە باشلاپ كىرگۈچى ئامىللارنىڭ ھەر بىرى بەلگىلىك مەدەنىيەت ھادىسىسى بىلەن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك، ئاڭلىق ياكى ئىستىخىيەلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ئەلۋەتتە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغانلىقتىن ئۇلارنى يېزىش، قەغەز يۈزىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتە بىر قېلىپقا كەلتۈرۈۋېلىش، ئۇنىڭغا مۇقىم فورمۇلا بېكىتىپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئاخباراتنىڭ قىممىتى ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى ئاشۇرۇشتا، ئاخبارات يېزىقچىلىقىنىڭ ئامىللىرىنى تولۇق ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى بۇ ئامىللارنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەندىلا خەۋەرنى چۈشىنىشلىك، مېغىزلىق، چىن، كونكرېت يېزىپ چىققىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىرەر سۈرەتلىك ئاخباراتتا بىز تيەنئەنمېننىڭ سۈرىتىنى كۆرسەك، بۇ خەۋەردە بېيجىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئۇچۇرنىڭ بارلىقىنى، ھېيتگاھنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەك، قەشقەر ياكى ئۇيغۇرغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئۇچۇر ياكى خەۋەرنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلالايمىز. شۇڭا ئاخباراتلاردا مەلۇم بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ مەدەنىيىتىدىكى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە نەرسىلەر ئارقىلىق ئاخباراتنىڭ ئۇچۇرچانلىقى ئېشىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئاخبارات، بولۇپمۇ سۈرەتلىك ئاخبارات مەلۇم بىر رايوننىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى، بىناكارلىق مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىدۇ.

مەدەنىيەت بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنى تەشكىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت يەنە تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. بىزنىڭ ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشىمىز، ئۇچۇرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز مىدىيە ۋاستىلىرى ۋە تارقىتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، ئاممىۋى تەشۋىقات ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە. كىشىلەرمۇ بارغانسېرى ئاممىۋى تەشۋىقات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا رولى ۋە تەسىرىگە دىققەت قىلماقتا.

**1. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى پەقەت ئۇچۇرلا تارقاتماستىن، بەلكى مەدەنىيەت ھېكايىلىرىنىمۇ بايان قىلىدۇ**

ھەرقانداق ئۇچۇرنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ. مىدىيە ۋاستىلىرى بايان قىلغان ھەر بىر ئۇچۇر مىدىيە ۋاستىلىرىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ھېكايىلەرنى، بولۇپمۇ خەۋەر تۈرىدىكى ھېكايىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھېكايە بايان قىلغۇچىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت تارقىتىش پۇرسىتى بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار بىر تەرەپتىن ھېكايىلەر ئىچىدىكى ئۇچۇرلارنى

www.uyghurkitap.com



قوبۇل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ جىددىي تۇرمۇش رىتىمىدا دىققەت قىلماي قالغان، ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەردار بولىدۇ. نېمىنىڭ قىممەت ئىكەنلىكىنى، بەزى ئىشلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە تەسىرى بار-يوقلۇقىنى شۇ ئاخبارات ئارقىلىق بىلىدۇ. كىشىلەر بۇ ئىشلارغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، بەزى ئىشلارنى تەنقىد قىلىشقا، ئاخباراتلارغا قارىتا تەنقىدىي پىكىرلەرنى دېيىشكە ھوقۇقلۇق.

2. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى مەدەنىيەت چوڭ دەرسخانىسىدۇر

ھازىر ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدىنمۇ مۇۋاپىقراق مەدەنىيەت دەرسخانىسى بولمىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە مەدىيە ۋاسىتىلىرى نۇرغۇن قارالما، كونتېرتىپلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق دەرسخانىلاردىكى لېكسىيە سۆزلەش رولىنى ئۈستىگە ئالدى. خابىماس «ئاممىۋى ساھەدىكى قۇرۇلما بۇرۇلۇشى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلېكترونلۇق ۋاستىلەرنىڭ ئاممىۋى ساھەدىكى قۇرۇلما ئۆزگىرىشىگە كۆرسەتىدىغان تەسىرىنى بايان قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدىكى ئۇچۇرلارغا توردىنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. تور ئورگانلار ۋە كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا-پاسىللارنى بۇزۇۋەتكەندىن كېيىن شەخس بىلەن تەشكىل ۋە تەشكىل بىلەن تەشكىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلبېغىمۇ بوشاپ كېتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاممىۋى ئىشلارغا كىم كۆڭۈل بۆلۈشى، قانداق شەكىلدە، قايسى ئورۇندا يىغىلىشى، شەخسلەر كۆڭۈل بۆلگەن ئاممىۋى ئىشلار قانداق قىلىپ جەمئىيەتلىشىشى كېرەك دېگەن مەسىلەرگە دۇچ كېلىمىز. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئاممىۋى تارقىتىش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن نەرسىلەردىن جاۋاب تاپالايمىز. ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى بۇ «چېگرا-پاسىللار»نى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاممىۋى لېكسىيە ئىشلىرىنى پىلانلاش، يىغىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدۇ. ئاممىۋى تارقىتىش ئالىلقاچان بىر ئاساسىي مۇنبەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭدا «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز زادى نېمە؟» دېگەن بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلماقتا. جەمئىيىتىمىزدىكى كونتېرتىپكە قويۇلغان مەسىلىلەر بۇ مۇنبەرلەر ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مۇنازىرە قىلىنىش، ئۆز ئارا چۈشىنىش، ئورتاق تونۇشقا كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكتە ۋە سىياسەت بەلگىلەش قاتارلىق ئىشلارغا تەسىر كۆرسەتمەكتە، ھەتتا كىشىلەرنىڭ كۆز قاراش ۋە قىممەت قاراشلارغا ھۆكۈم قىلىش ئۆلچەملىرىنى ئۆزگەرتمەكتە. مەسىلە شۇكى، ئاممىۋى مېدىيەلەر كونترول قىلغان ئاممىۋى ساھەلەر كىشىلەرنى جەمئىيەتتىكى پۇرسەتلەردىن بەھرىمەن قىلالامدۇ-يوق؟

3. ئاممىۋى تارقىتىشنىڭ شەخسنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە بولغان ئەھمىيىتى

ئاخبارات تارقىتىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ ۋاستىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، رولى ۋە ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بار. ئادەتتە ئاگېنتلىق، گېزىتخانا، رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ژۇرنال، كىنو ئىستۇدىيەسى قاتارلىقلار ئاخبارات تارقىتىدىغان مۇھىم ئاپپاراتلاردۇر. ئاگېنتلىق — خەۋەر توپلايدىغان ئورۇن ئادەتتە ئۇنىڭ نەچچە ئون، ھەتتا يۈزلىگەن شۆبىسى، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مۇخبىرى بولىدۇ. ئومۇمىي ئۇچۇر مىقدارىدىن ئالغاندا، باشقا ھەرقانداق ئاخبارات تارقىتىش ئاپپاراتى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. گېزىت ئۇچۇر تارقىتىشنىڭ تېزلىكى، تارقىتىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇچۇر تارقىتىشى ئوبرازلاشقانلىقى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، كۆرۈرمەنلەردە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كىشىلەر مەيلى كۈندۈز ياكى كېچە بولسۇن، رادىيونى ئاچسىلا دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلىيالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېقىم مەسىلىلىرى تەھلىل قىلىنىدىغان سىياسىي خاراكتېرلىك ژۇرناللارمۇ ئاخبارات تارقىتىش ئاپپاراتىغا كىرىدۇ. ئالايلۇق، مەملىكىتىمىزدە چىقىدىغان «يېرىم ئايلىق سۆھبەت»، «نەزەر»گە ئوخشاش ژۇرناللار خەلقئارا ۋە دۆلەت ئېقىم مەسىلىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى بېسىپ تۇرىدۇ، بۇ ماقالىلەر نۇرغۇن ئاخبارات ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلىدۇ.

دېمەك، ئاگېنتلىق، گېزىتخانا، رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ژۇرنال فىلىم ئىستۇدىيەسى قاتارلىق ئاخبارات تارقىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ قايسىبىرى بولسۇن مەلۇم تىل ۋە يېزىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رولىنى

ئارتقۇزىدۇ. ھەممىگە مەلۇم، تىل ـــ مەدەنىيەتنىڭ جانلىق توشۇغۇچىسىدۇر. ئاخباراتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، تارقىتىش ئاپپاراتىدا ئىشلىتىلگەن تىلدا كۆپىنچە شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ھاياتى، قىممەت قارىشى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەخلاق-ئېتىكىسىغا ۋە تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەرنى تارقىتىدۇ ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ. مەتبەئەلىك ئاخباراتنىڭ بارلىققا كېلىشى يېقىنقى زامان ئاخباراتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ماددىي ئاساس سالدى. 1844-يىلى ئامېرىكىلىق سامۇئېل مورس تېلېگراممىنى كەشىپ قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئاخبارات تارقىتىدىغان بولدى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدە رادىيو ۋە تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئاخبارات تارقىتىش كەينى-كەينىدىن بارلىققا كەلدى، كېيىن يەنە خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھى دۇنياغا كېلىپ، ئېلېكترونلۇق ئاخبارات تارقىتىشنى تېخىمۇ تېز، ۋاقتىدا تارقىتىش، ئۈنۈمۈ، سىنىمۇ بولۇش، ئارىلىق چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئېلېكترونلۇق ئاخبارات تارقىتىش بۈگۈنكى دۇنيادىكى مۇھىم ئاخبارات تارقىتىش قورالىغا ئايلاندى. بۇ مەلۇم مەنىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئېلېكترونلۇق زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدە تارقىتىشى بولدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ياشاۋاتقان خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش نىسبىتى يۇقىرىلاپ، مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشى، سىڭىشىشى، توقۇنۇشۇشى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تېزلەشتى ۋە كىشىلەرنى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى نامايان قىلىنغان رەڭگارەڭ مەنزىرىلەرنى كۆرۈش، ھۇزۇرلىنىش، قوبۇل قىلىش ياكى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئورنىنى قايتا تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

نۆۋەتتە يەرشارىلىشىش ۋە مەدەنىيەت ھالقىغان ئاخبارات تارقىتىش ئاخبارات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. يەرشارىلىشىش دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ۋە بىزنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتتى. يەرشارىلىشىش نۇقتىسىدىن ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ئىنسانلار يولۇققان ئورتاق مەسىلىلەرنى كۆرەلەيمىز ۋە چۈشىنەلەيمىز. ئومۇمەن مەدەنىيەت ھالقىغان تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مەدەنىيەت ھالقىغان تارقىتىش جەريانىدا مەيلى شەخس بولسۇن ياكى مەلۇم ئېتنىك گۇرۇھ بولسۇن ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك مەدەنىيەت كىملىكى (سالاھىيىتى) بولىدۇ.

تۇبلىڭ ئەپەندى «ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى ۋە جۇڭگو ئاخبارات مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى-پەسىيىشى» ناملىق ماقالىسىدە جۇڭگو ئاخبارات مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو ئاخبارات مەدەنىيىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كەنجى تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاخبارات تارقىتىشنى مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ لوگىكىلىق چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئاخبارات تارقىتىشتىكى جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت پىسخولوگىيەسى، مەدەنىيەت ئېڭى ۋە مەدەنىيەت مېخانىزمىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەم جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقى ھەم جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كەنجى تۈر مەدەنىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بار. ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش چوڭ دولقۇنىدا جۇڭگو ئاخبارات مەدەنىيىتى ھەم جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئەگىشىپ، بۇ ھەيۋەتلىك دولقۇندا ئېقىم بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ، ئورتاق گۈللىنىش-پەسىيىشنى ئىشقا ئاشۇرماقتا، مەدەنىيەتنىڭ مېخانىزمىغا ئاساسەن ئۆزىگە خاس ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرماقتا.» شىنجاڭنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئالدىدىراق رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقىدا، شۇنداقتىمۇ شىنجاڭنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت پىسخولوگىيەسى، مەدەنىيەت ئېڭى ۋە مەدەنىيەت مېخانىزمىنى نامايان قىلىپ، ھەم شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى، ھەم ئۆزىگە خاس يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭغا ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ شىنجاڭنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنى ئېلىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭكى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۆپرەك تۆھپە قوشۇش زۆرۈر.

(ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7-قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 26-سېنتەبىر شىنجاڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق باشلاندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش جاڭ چۈنشيەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن نۇر بەكرى، ئەسقەت كەرىمباي، چې جۈن، خۇاڭ ۋېي، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۇڭ ئەيرۇڭ، جۇخەيلۈن، خۇۋېي، شيۇڭ شۈنگو قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى لى يى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ يۈجۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا مۇھىم دوكلات بەردى.

بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى:

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى خۇجىنتاۋنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش پارتىيە 17-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 9-، 10-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەتلەرگە نەزەر سېلىش ۋە خۇلاسىلەش، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىغا شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن ھەر مىللەتتىن بولۇپ جەمئىي 433 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش جاڭ چۈنشيەن نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلدى. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ باش تېمىسى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن كۈتىدىغان سەممىي ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ چۈنشيەن شۇجىنىڭ سۆزى ئومۇمىيلىقنى تولۇق ئىگىلىگەن، يۈكسەك يىغىنچاقلانغان، سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئۇ بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى.

# 18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈرۈمچى كوئېنلۇن مېھمانسارىيىدا 18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ژۇرنالىست ئەدىب، شائىر ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلاردىن 100دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى كاتتا يىغىلىش بولدى. يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەكىلى مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى نۇر بەكرى قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرى 18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىنىڭ داغدۇغىلىق ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ تەبرىك خەتلىرىنى ئەۋەتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان تەبرىك خەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى باھالاش پائالىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا زور ئىلھام بولدى، ئەدىبلىرىمىز نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات ئاشنالىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرىشىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرىگە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشتى ۋە نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ئىشلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتى.

18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ يۇڭجۇن مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا زور تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇكاپاتى. بۇ مۇكاپات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، قەلەمكەشلەرنى تەربىيەلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بۈگۈن ئېچىلغان بۇ يىغىن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى يۈكسەك قوللايدىغانلىقىنى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ رولى ۋە تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى».

18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىدا تارىم ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرىنىڭ «536 ـ بېكەتتىكى قار ناخشىسى» (ھېكايە)، تەڭرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلى 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان مامۇت داۋۇتنىڭ «تەنھا بۆرە» (پوۋېست)، «تارىم» ژۇرنىلى 2010 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇرگۈل ئەبەينىڭ «ئانا» (ھېكايە)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ئابدۇراخمان ئەزىزنىڭ «سەھرالىق ئانا» (پوۋېست)، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان سەمەت دۇگايلىنىڭ «مۇقام ھەققىدە» (ماقالە)، ئاقسۇ ئەدەبىياتى ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىمىن ئەخمىدىنىڭ «ئاقسۇ خاتىرىلىرى» (شېئىر)، قەشقەر ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ئابدۇلئەھەد ئىسمائىلنىڭ «توققۇز باياۋان قەسىدىسى» (شېئىر)، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىلى 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ھاياتنوپۇس مۇھەممەدنىڭ، ئەكبەر غۇلام تەرجىمە قىلغان «سەھەردىكى مونولوگ» (تەرجىمە ئەسەر) قاتارلىق سەككىز پارچە ئەسەر بۇ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

يۇقىرىقى سەككىز پارچە ئەسەر پەقەت خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتەك نەتىجىنىلا قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا ھەمدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان دىلكەش ئوقۇرمەنلەرگە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلدى.

18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنى مەزگىلىدە سابىق دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد دەم ئېلىۋاتقان پەيتتىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ يىغىن ئەھلىنى يوقلىدى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئەدىبلەرنىڭ بۇرچى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ مۇھىم يوليورۇق بەردى. يىغىن ئەھلى يۈكسەك قىزغىن كەيپىياتتا سابىق دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ سۆزىنى تىڭشىدى ھەم كۆپ قېتىم ئالقىش ياڭراتتى.

18 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنى تۆرلۈك كۈنتەرتىپلەرنى تولۇق ئورۇنداپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ غەلىبىلىك يېپىلدى.

www.uyghurkitap.com

# «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005- يىلىدىن 2009- يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

## 2005 - يىل 5 - سان


ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ بۆرچ تۇيغۇسى .................... غالىب مۇھەممەد قارلۇق (1)
مەسئۇلىيەتسىز كۈيۈمنىڭ كېرىكى يوق .................... پاتەمنىسا داۋۇت (48)
جىمجىتلىقتا ئۈيلىغانلىرىم .................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (72)
ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت .................... نۇشىرۋان يائۇشېف (رۇسىيە) (14)
«ئىز» رومانىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى توغرىسىدا .................... ئابدۇۋەلى ئايۇپ (26)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائامى تۇتماچ (چۆپ)نىڭ ئۆتمۈشى .................... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (33)
ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە مەدەنىيىتى ھەققىدە .................... غالىب غوجىئابدۇللا (41)
باللار تەربىيەسى ۋە ھاياتلىق .................... غالىب غوجىئابدۇللا (65)
دادام ئېيتقان ھېكايىلەر .................... ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (22)


## 2005- يىل 6- سان


ئىناقلىق دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى .................... مىجىت ناسىر (1)
ئۇيغۇرلاردا ئۇۋچىلىق .................... يۈسۈپ ئىسھاق (5)
جۇڭگو ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ توي ئادەتلىرى .................... مەمتىمىن ئابدۇخالىق، گۈلمېھرى سەلىم (43)
ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت .................... نۇشىرۋان يائۇشېف (رۇسىيە) (21)
ئىما- ئىشارەت تىلىنىڭ بېشارەت بېرىش رولىدىن تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزگە نەزەر .................... تۇردى مۇھەممەد (63)


## 2006- يىل 1- سان


ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق ئادىتى ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشى توغرىسىدا .................... ئابدۇكېرىم راخمان (6)
«ماناس» ئېپوسىنىڭ جۈملە تۈزۈش قېلىپى .................... ئادىل جۇما تۇردى (22)
مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىلىم- پەن روھى ۋە كېلەچەك .................... ماخمۇت بىشبالىقى (49)
سېۋىن ھىدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇ .................... ئەسئەت سۇلايمان (11)
ئالتە شەھەرگە ساياھەت .................... نۇغما باياندىيىن (قازاقىستان) (65)
رۇسىيە خاتىرىلىرى .................... ئارسلان تالىپ (29)


## 2006- يىل 2- سان


كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىمىزدىكى پۇتا باغلاش ئادىتى .................... ئابدۇقەييۇم مىجىت (10)
گۆھەرگە ئايلانغان يىپەك ۋە يىپەك مەدەنىيىتى .................... مۇھەممەد ئىمىن سابىر (13)
ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي قىممىتى ھەققىدە .................... نۇرنىسا باقى (19)
ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باھارى .................... تۇرسۇن لېتىپ ياركەندى (33)
«ئىككى تىگىنىنىڭ ھېكايىسى»نىڭ بايان ئالاھىدىلىكى ھەققىدە .................... خالمۇرات ئىمىن (37)
ۋاقتىڭ كەتتى ـــ بەختىڭ كەتتى .................... غالىب مۇھەممەد قارلۇق (42)
بىزنىڭ تۇرمۇش .................... نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت (54)
يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇرلار .................... تيەنىيا يۈزى (ياپونىيە) (72)


## 2006- يىل 3- سان


يېپىق بىلىملىرىمىزنى قازايلى .................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (1)
بەدىئىي سۈرەت ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى .................... ئەخمەتجان ئەختەم (20)
«يۈسۈپ- زۇلەيخا» قىسسەسىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك قاراشلىرى .................... رەيھانگۈل ئېلى (43)
مەشرەپ ھەققىدە .................... خۇدابەردى ئابىخان (17)
ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ چاچ گۈزەللىكى .................... توختىخان ئىسمائىل (55)
ئۇيغۇرلاردا جۇۋان توي .................... مۇھەممەد ئىمىن سابىر (70)
بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار، مەھرۇم قېلىۋاتقانلار .................... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (57)

تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت نېمشقا ئۆچمەيدۇ ........................ ئەسئەت سۇلايمان (65)

## 2006- يىل 4- سان

سەنئەت پىسخىكىسىدىن ئېلى دىيارىغا بىر نەزەر ........................ مىجىت ناسىر (1)
«ئاق بوز ئات» چۆچىكى ۋە ئۇنىڭدىكى روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى توغرىسىدا ...... مۇھەممەد ئىمىن ئاتاۋۇللا (15)
ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتى ........................ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (51)
ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمانلىق روھ توغرىسىدا ........................ گۈلنار تالىپ (72)
تارىم خاتىرىلىرى ........................ يالقۇن ھابىل (11)

## 2006- يىل 5- سان

بىزنىڭ تۇرمۇش ........................ نەزەر خوجا ئابدۇسەممەت (1)
كۆكتىن كۆكلەمگىچە ........................ يۇسۇپ ئىسھاق (10)
سەمەرقەنتتىن قومۇلغىچە ........................ ئابلىز ئۇرخۇن (40)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ........................ ئەخمەت سايىم (66)
نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ھاياتى ........................ نۇرمۇھەممەد زامان (69)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى ........................ ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن كىروران (24)

## 2006- يىل 6- سان

مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە قارشىلىق كۆچى ........................ دىلمۇرات مۇھەممەد (1)
دۇنيا تىجارىتىدە شەرق ۋە غەرب يۆنىلىشى ........................ ئابدۇلباست ئابدۇراخمان (36)
يوقىلىۋاتقان تائام مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي سالاھىيىتىمىز ........................ ئاينۇرە دۆلەت (65)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى ........................ ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن كىروران (6)
ئۇيغۇرلاردا سوۋغا بېرىش ئادىتى ........................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (56)
شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى بايراملار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ يالقۇن تۇرسۇننىياز (69)

## 2007- يىل 1- سان

«چاچ كېسىش» ئويۇنى ........................ مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (10)
جان بۇدۇنەم ئۇسسۇلى توغرىسىدا ........................ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل، ئەنۋەر ناسىرى (12)
ئاچچىق خېمىر ........................ ئۆمەرجان سىدىق (36)
ئىلى مەشرىپى ........................ ئابدۇساتتار ناسىرى (50)
ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك- ئىچمەك پەرھىزلىرى ........................ ئەنۋەر سەمەت قورغان (38)
ئۇيغۇرلاردا مىراس قالدۇرۇش ۋە تەقسىملەش ئادىتى ........................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (56)
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنى قوغداش مەسىلىسى ........................ ئوسمان ئىسمائىل تارىم (70)

## 2007- يىل 2- سان

ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك- ئىچمەك پەرھىزلىرى ........................ ئەنۋەر سەمەت قورغان (1)
قەشقەر قوغۇنى ........................ غازى ئەھمەد (5)
ئۇيغۇر يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتىدە «نان» ........................ ئەمەتجان ئابدۇللا (44)
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىككىنچى ئانا تىلىڭ ........................ كارىم دۈيسەنباي ئوغلى (50)
ئۇيغۇرلاردا شۇڭقار مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى ........................ ئىدرىس قۇددۇس ئەركزاد (70)
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ قويۇش ئادىتى ........................ نۇربىيەگۈل ئىسمائىل (11)
لوپچۇن خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى ........................ ئېلى مۇھەممەد (47)
تاغ خەلقىنىڭ قوندۇرۇق ئادىتى ........................ دىلشات ھەبىبۇللا (67)
كۆلكە داۋانلىرى ........................ ماخمۇت مۇھەممەد (32)

## 2007- يىل 3- سان

«چىن تۆمۈر باتۇر» ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ........................ ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە (1)
غەربتە ۋە ئۇيغۇرلاردا ئەۋلاد بوشلۇقى ........................ دىلمۇرات ماخمۇت (16)

www.uyghurkitap.com




چۆچەك جىر مەدەنىيىتى .................................... مەتىمىن ئابدۇخالىق (41)

يادىچىلىق سېھىرگەرلىكى ........................................ غەيرەتجان ئوسمان (64)

قومۇل يۈز ئاچقۇ مەشرەپلىرىدىكى بېيىت ئېيتىشىش ئەنئەنىسى ............ ئادالەت ئىمىن (51)

ئەللەي بالام ئويۇنى ........................................ مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (61)


## 2007- يىل 4- سان


ئەتلەستىكى سەنئەت ۋە قىممەت .................................... مۇھەممەد ئىمىن سابىر (1)

مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى ........................................ سۇلايمان قېيۇم (50)

خەلق ناخشىچىسى «گىلاڭ تاغلىرىدىكى قارلار» ........................ سائادەت هادى، ئەمەت ماخمۇت (59)

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەشتە ئويلىغانلىرىم .................... مۇختار مۇھەممەد (75)

چىچەڭزمۇ بايلىقىڭىز ........................................ ئايتۇرسۇن، ئوبۇلھەسەن داۋۇت (26)

قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ۋە كىيىم- كېچەكلىرى ........... مۇھەممەد شاۋۇدۇن (64)

ئۇيغۇرلاردا باغاق ........................................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (32)

مەشرەپ جازاسى «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنى ........................ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (60)

ئۇيغۇرلاردا ناماقۇللۇق چېيى ........................................ مۇتەللىپ ئىقبال (77)


## 2007- يىل 5- سان


يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئائىلە ۋە پەرزەنت ھەققىدىكى قاراشلىرى ........................ نۇر يۇنۇس (6)

بوستان چاچ ئويۇنى ........................................ مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (16)

يارغۇنچاق ئويۇنى ........................................ مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (18)

ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش يوسۇنى ........................................ ئانارگۈل باقى (60)

فارابىنىڭ تەنھالىق ئىستىكى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا تارىخىمىزدىكى ئورنى ................ زىمىنىسا مۇھەممەد ئەيسا (20)

سەرراپلىق ........................................ (24)

توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق ........................................ بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار (25)

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى ئۇسۇلى ۋە رولى ..................

.................................... ئابدۇقەييۇم مىجىت، ئىدرىس قۇددۇس ئەركزات (26)

«قەشقەر»نى ئىزدەپ ........................................ ئۆمەرجان ئىمىن (31)

ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى ........................ ئۆمەرجان سىدىق (65)

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئېكولوگىيەلىك قاراشلار توغرىسىدا .................... ئادىل غاپپار كارىزى (47)

ئاپتور، ئەسەر، مۇھەررىر ........................................ ئەزىزە (75)


## 2007- يىل 6- سان


دانىشمەنلەر دانىشگاھى ئەلبۇرۇز قۇچىقى ........................................ ئابدۇبەسىر شۇكۇرى (1)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ياسىنىش سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر ................ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، ئىبادەت ئابدۇۋاھىت (30)

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش مەسىلىسى توغرىسىدا ........................ بەختىيار ئوسمان (55)

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە، نەزىر چىراغ ئادەتلىرى ھەققىدە ........................ ئەنۋەر تۇرسۇن، ئاينۇرە دۆلەت (58)

ئۇيغۇر كىشى ئىسىم- فامىلىلىرى توغرىسىدا ........................ يۇنۇس ئېلياس ئىدىقۇتلۇق (62)

مېۋە قۇرۇتۇش ........................................ بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار (78)


## 2008- يىل 1- سان


ھەيۋەتلىك ۋە يېگانە تارىم ........................................ سېۋىن ھېدىن (1)

شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى — ئەجدادلىرى ئەقىل پاراستىنىڭ جەۋھىرى، ئەۋلادلارنىڭ يول چىرىغى ...... تۇرسۇن مەخمۇت (58)

ئۇيغۇر مىللىي داستانچىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ........................ ياسىن مەتنىياز تېكە (18)

«نۇردىن تۇغۇلۇش» مۇتىفىنىڭ كۆچۈشى ........................ يالقۇن مەتنىياز (72)

كورېيەلىكلەر ئەنئەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ ........................ جاڭ خۇڭجى (36)

شۋېتسىيە مائارىپ سىستېمىسىغا بىر نەزەر ........................ زۇلھايات ئۆتكۈر (45)

سالام خەت يېزىشنىڭ ۋاقتى كەتتىمۇ؟ ...... تۇرغۇنجان ئىمىن (15)

يامغۇر تىلەش مۇراسىمى ھەققىدە دالا تەكشۈرۈش ...... بۇسارەم ئىمىن (8)

چۆچەك خەلقىنىڭ سوقۇم ئادەتلىرى ...... مەمتىمىن ئابدۇخالىق (67)

ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئوسما قويۇش ۋە يېلىم چىپىش ئادىتى ...... مۇنەۋۋەر ئابدۇراخمان (54)

ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھالىتى ۋە تەبىئىي كۆرۈنۈشلەر بويىچە ...... مەمتىمىن ئوبۇلقاسىم (64)


## 2008- يىل 2- سان


قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا ئۇپا- ئەڭلىك سۈرۈش ئادىتى ...... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (11)

كىبرىيە ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى زىننەت بۇيۇمى — سۆكە ...... مەتتوختى بارات (15)

تاشمىلىق خەلقىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى ...... ئابدۇۋارىس رەھىم (16)

تون كىيدۈرۈش مۇراسىمى ھەققىدە ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (19)

ئۇيغۇر بۆكلىرى ...... ئابدۇرېشىت زۇنۇن (21)

خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ...... ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (36)

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ...... ئىسھاق باستى (38)


## 2008- يىل 3- سان


«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى ئالمىنىڭ سىرى ...... ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە (1)

ئۇيغۇرلاردا ئات قويۇش ...... ئىمىن تۇرسۇن (22)

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى «نورۇز» بايرىمىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە قىممىتى ...... ئاينۇرە دۆلەت (37)

«يامان بولىدۇ»دىن تۇغۇلغان ئويلار ...... ئەركىن سابىر (16)

ئۇيغۇرلاردا بالىغا ئىسىم قويۇشتا تىلەك تىلەش ئادىتى ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (43)

ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (44)

تاشنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئىزنالىرى ...... كامىلە ئابدىمۇلۇك (48)

ئۇيغۇر بالىلار ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ...... مېھرىگۈل قادىر (51)


## 2008- يىل 4- سان


باللارغا يىلتىزىنى قانداق بىلدۈرۈش كېرەك ...... ۋارىسجان ئەھمەد (1)

«يامان بولىدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار ...... ئەركىن سابىر (3)

كىبرىيە مەشرەپلىرى ...... ئابدۇرېشىت مۇساجان تۇغرۇل (22)

ئۇيغۇر ھويلا - ئاراملىرى ...... داۋۇتجان سامساق (28)

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرى توغرىسىدا ...... مويىدىن سايىت بوستان (42)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەرنىڭ يېشىمى ...... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (9)

خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر ...... قەيسەر قۇربان (62)

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تەھرىرلىكىدە ئويلىغانلىرىم ...... خاسىيەت ئەمەت (73)

مۇقاۋا لايىھەلەشتە ھېس قىلغانلىرىم ...... ئەزىزە تۈيغۇن (75)

ياشلار دۆلىتى تۈركىيە ۋە تۈركىيە ياشلىرى ...... ئابدۇۋەلى (48)

كەمچىلىكسىز ئىش قىلىش قىيىن ...... مۇھەممەد رەھىم (59)


## 2008- يىل 5- سان


ئۇيغۇرلاردىكى بەرىكەت چۈشەنچىسى ...... ئابدۇقەييۇم مىجىت (1)

ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئەمىر گۆر ئوغلى»دىكى گۆر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى ...... ئابلىمىت ياسىن (21)

گۈل ۋە مەدەنىيەت ...... خەلچەم مۇھەممەد (27)

ئىلى ناغرا- سۇناي پەدىلىرى توغرىسىدا ...... بەختىيار ئابدۇساتتار (36)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەرنىڭ يېشىمى ...... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (49)

ئانوتولىيەدىكى ئۇيغۇر رايونى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ...... ئابدۇكېرىم راخمان (9)

www.uyghurkitap.com




بۆشۈك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئادەتلىرى ...... مېھرىگۈل قادىر (45)

«يامان بولىدۇ»لاردىن تۇغۇلغان ئويلار ...... ئەركىن سابىر (60)

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرى توغرىسىدا ...... مويىدىن سايىت بوستان (67)


## 2008- يىل 6- سان


چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر ...... ئابابەكرى ئابدۇرېشىت (1)

ئۇيغۇر تىلىدا ھايۋانات ناملىرى ئىستاتىستىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ......

...... دىلمۇرات ماخمۇت، بېلىقىز مەمەتنىياز (15)

«تارىخىي ھەمىدى» يېزىلغان دەۋردىن بۇگۈنگىچە ...... ئەھەد مۇھەممەدۇللا (46)

«قومۇل مۇقامى»غا ئائىت تەتقىقات توغرىسىدا ...... نۇسرەت تۇردى (59)

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرى توغرىسىدا ...... مويىدىن سايىت بوستان (25)

18- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي يېپەك يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بىر شۋېتسىيەلىك خانىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ......

...... گۇننار ياررىڭ (71)


# تەرجىمە ئەسەرلەر

## 2005- يىل 5- سان


5000 يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇزغۇنچىلىق ...... گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى (52)


## 2005- يىل 6- سان


دوستلۇق ۋە بايلىق ...... قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى (61)

ئاپام شۇنداق دېگەن ...... قەيسەر ئابلىكىم. ت (74)


## 2006- يىل 1- سان


پۇقرالار شەھىرى ــــ تيەنجىن ...... مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (71)

نېمە ئۈچۈن پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق ...... گۈلشات تەلئەت (ت) (76)


## 2006- يىل 2- سان


ئادىمىيلىكنىڭ مەنىسى نېمە ...... گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى (25)

دۇنخۇاڭدىكى مىراس قول يازمىلار قانداق بولۇپ چەت ئەلگە تاراپ كەتكەن ...... مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (27)

ئۈچ شەرت ...... خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (71)


## 2006- يىل 3- سان


بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئىززەت بېگوۋىچ ...... يالقۇن روزى تەرجىمىسى (33)


## 2006- يىل 4- سان


يەر شارىلىشىش تىل مۇھىتىدىكى غەربىي دىيار مەدەنىيىتى ...... شۆھرەت مۇھەممەد (58)

ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت قانچە پۇلغا يارايدۇ ...... گۈلشات تەلئەت (68)


## 2006- يىل 6- سان


پارچىلار ...... خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (62)


## 2007- يىل 1- سان


يەر شارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى «مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش» ھەققىدە قىياس ... شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى (15)

غەيرىي ماددىي مەدەنىي مىراسلارنى قانداق يىغىپ ساقلاش كېرەك ...... مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (68)


## 2007- يىل 2- سان


قەھرىمانلار ۋە ئىلاھلار ...... بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى (16)

قول يازمىلار يىغىپ ساقلىغۇچى ...... مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (56)

## ئومۇمىي مۇندەرىجە

### 2007- يىل 3- سان


ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ۋالق مېلك .................. شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى (12)
يۇمۇرلار .................................... شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى (77)


### 2007- يىل 4- سان


ئەدەبىيات شۇنچە زۆرۈرمۇ؟ .................. ۋالق مېلك (شۆھرەت مۇھەممەدى. ت) (6)
ئالقان پالچىلىقى غەرىبتە .................. مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى (20)
غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى قەشقەر .................. قادىر راخمان تەرجىمىسى (23)
19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدە- يوسۇنلىرى ..................
.................. ئىلدىكو بەللەرھانىن (گېرمانىيە) (بۇسارەم ئىمىن. ت) (36)
ۋىجدان چىرىغى .................. نۇرئەلى قابۇل (ئۆزبېكىستان) ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىزى (43)


### 2007- يىل 5- سان


مەن ئوقۇغۇچى .................................... ۋالق مېلك (57)
ئۆگىنىش مېنىڭ بارلىقىم .................................... ۋالق مېلك (62)


### 2007- يىل 6- سان


ئادىمىيەت روھى ۋە ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش .................. ۋالق مېلك (18)
فىرانسۇزلارنىڭ توي مۇراسىمى .................. مۇھەممەد ئىمىن ۋاھت تەرجىمىسى (72)
تاختىمۇشۇك .................. ئابدۇللا روزى مۇھەممەد تەرجىمىسى (74)
گېتلىرنىڭ ھايات- ماماتلىق سىرى .................. مۇھەممەد ئىمىن ۋاھت تەرجىمىسى (75)
كامالەت مەنزىللىرى .................. تەييارلىغۇچى: ئەزىزى (47)


### 2008- يىل 1- سان


شەيتان لۇغەت .................................... (17)
پاراسەت چاچقۇلىرى .................................... (57)
كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى .................. ن. ف. كاتانوف (روسىيە) (27)


### 2008- يىل 2- سان


ھېكمەتلەر گۈلدەستىسى ۋە دانىشمەنلەر ساۋىقى .................. ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى ماخمۇت زەيدى (1)
قارا مۇشۇك .................. رابىگۇل ۋەلى تەرجىمىسى (25)
پاراسەت چاچقۇلىرى .................. ئېرشادى تەرجىمىسى (28)
جەبرى- جاپا بار يەردە قىزغىنلىقمۇ بار .................. شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى (32)
تاتار خەلق ئەپسانە- رىۋايەتلىرى .................. مالىك چانىشېف (53)
كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى .................. ئابلىز ئۇرخۇن تەييارلىغان (43)


### 2008- يىل 3- سان


كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى .................. تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن (57)
ئەينى يىللاردا ئۇيغۇرلاردا كىتابپۇرۇشلۇق .................. زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى (73)


### 2008- يىل 4- سان


كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى .................. تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن (64)


### 2008- يىل 5- سان


ناتىسستلار يەر ئاستى بايلىقىنىڭ سىرى .................. مۇھەممەد ئىمىن ۋاھت تەرجىمىسى (33)


### 2008- يىل 6- سان


كىشىلىك ھاياتتىكى ئەقىل- پاراسەت .................. ۋالق مېلك (شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى) (31)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇلا (سېرىق ئۇيغۇر ئەپسانىسى) ........................ نۇر ئالىيە ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى (76)
كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ........................ تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن (34)

## تېبابەت دۇردانىلىرى

### 2005- يىل 5- سان

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ........................ كامال ھىسامىدىنوف (قازاقىستان) (4)

### 2005- يىل 6- سان

ئوردا رېتسېپلىرى ........................ ھاپىز نىياز (49)

### 2006- يىل 1- سان

ئوردا رېتسېپلىرى ........................ ھاپىز نىياز (55)

### 2006- يىل 2- سان

ئوردا رېتسېپلىرى ........................ ھاپىز نىياز (45)

### 2006- يىل 3- سان

ئوردا رېتسېپلىرى ........................ ھاپىز نىياز (23)

## شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش، باشلىقلارنىڭ سۆزلىرى، ئۇچۇرلار

### 2005- يىل 5- سان

ئەل سۆيگەن ئەلنەغمىچى مەگلەشخان ........................ ئابدۇللا مەجنۇن (65)
بارالڭ ئاستىدىكى پاراڭلار ........................ يۇنۇس ئېلياس ئىدىقۇتلۇق (78)

### 2005- يىل 6- سان

ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس ........................ (75)

### 2006- يىل 1- سان

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدىن سۆز ........................ ئىسمائىل تىلىۋالدى (1)

### 2006- يىل 3- سان

ئاتاقلىق مۇقامچى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ........................ مەمتىمىن ھوشۇر (9)

### 2006- يىل 5- سان

مەرىپەتچىنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسىدۇر ........................ ئابدۇشۇكۇر ئىمىن باۋۇدۇن تارىخ (54)

### 2007- يىل 5- سان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە تۇنجى تۈركۈمدە كىرگەن تۈرلەر ۋە ئۇنى قوغداشقا مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى ........................ (69)

### 2008- يىل 4- سان

ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلار ........................ ئابدۇرۇسۇل سېيىت (33)
90 يېشىغىزغا مۇبارەك ........................ ھېيتەم ھۈسەيىن (53)

### 2008- يىل 5- سان

3- قېتىملىق ئۇيغۇر كىيىم- كېچەكلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى خاتىرىسى ........................ (39)
يىپەك يولىدىكى مازار تەتقىقاتى ........................ (77)
ئولىمپىك خاتىرىلىرى ........................ (78)

## رىۋايەتلەر

### 2005- يىل 5- سان

رىۋايەتلەر ........................ مۇتەللىپ سېيىت (44)

**2008- يىل 2- سان**

رىۋايەتلەر ........................ ئابدۇقادىر سادىر تەييارلىغان (67)

## يۇمۇرلار، شەيتان بەت

**2005- يىل 5- سان**

يۇمۇرلار ........................ قادىر ئۆمەر (75)

**2005- يىل 6- سان**

يۇمۇرلار ........................ (40)

**2006- يىل 1- سان**

يۇمۇرلار ........................ ئەنۋەر رەخمەت (ت) (75)

**2006- يىل 2- سان**

يۇمۇرلار ........................ قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى (69)

**2006- يىل 3- سان**

يۇمۇرلار ........................ ئەزىزە تۈيغۇن تەرجىمىسى (48)

**2006- يىل 4- سان**

يۇمۇرلار ........................ خۇرسەنئاي مەمتىمىن (ت) (70)

**2007- يىل 1- سان**

يۇمۇرلار ........................ ئەزىزە تۈيغۇن تەرجىمىسى (77)

ھەجۋىي رەسىملەر ........................ (78)

**2007- يىل 3- سان**

يۇمۇرلار ........................ شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى (77)

**2008- يىل 1- سان**

يۇمۇرلار ........................ (77)

**2008- يىل 2- سان**

يۇمۇرلار ........................ ئەزىزە تۈيغۇن تەييارلىغان (77)

**2008- يىل 3- سان**

يۇمۇرلار ........................ ئەزىزە تۈيغۇن (55)

ھەجۋىي رەسىملەر ........................ (78)

**2008- يىل 4- سان**

يۇمۇرلار ........................ مېھرىگۇل قادىر (77)

**2008- يىل 5- سان**

يۇمۇرلار ........................ (75)

## قوشاقلار

**2005- يىل 6- سان**

مۇھەببەت ئىزھارى ........................ (19)

**2006- يىل 3- سان**

ئالتۇندەك بالىكەنلا ........................ توپلىغۇچى: رۇقىيە ئابلىكىم (16)

**2007- يىل 2- سان**

قارىماندىن يەر ئالدىم ........................ توپلىغۇچى: مۇھەممەد توختى ئەھمەد (25)

**2008- يىل 1- سان**

شاھزادىخان ئانا بىلەن توختىخان ئانىنىڭ چاقچاقلىرى ........................ (35)

2008 ـ يىل 5 ـ سان

ئالما تاشلىغان يارىم ........................ توپلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ (64)

## چۆچەكلەر

2005 ـ يىل 6 ـ سان

گۈلجامال ................................................................ (65)

2008 ـ يىل 2 ـ سان

پەرىزات بىلەن پەرەڭ شاھزادىسى ........................ ئابدۇقادىر سادىر تەييارلىغان (62)

2008 ـ يىل 4 ـ سان

خوتۇندىن يامانلىغاق ........................ توپلىغۇچى: قېيۇم مەمتىمىن (55)

2008 ـ يىل 5 ـ سان

ئاتامدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەر ........................ تەييارلىغۇچى: ئىمىن ئابلا (4)

## ماقال ـ تەمسىللەر

2005 ـ يىل 6 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر ........................ توپلىغۇچى: ئا. ئى. باۋۇدۇن تارىخ (73)

2006 ـ يىل 5 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر ........................ توپلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد زامان (19)

## داستانلار

2006 ـ يىل 6 ـ سان

قادىر كەشمىر (داستان) ........................ توپلىغۇچى: ئابدە ئىبراھىم (24)

## ھېكمەتلەر، تېپىشماقلار، سۆز ئويۇنلىرى

2006 ـ يىل 2 ـ سان

ئىلمىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيەتلىرى توغرىسىدا ........................ تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (1)

بىشارەتتىن ئىشارەتلەر ........................ ئەركىن سابىر (23)

2006 ـ يىل 3 ـ سان

خۇلۇقنامە ........................ شەمسۇمائالى قابۇس (پارس) (39)

تېپىشماقلار ........................ توختاش بەكرى (75)

2007 ـ يىل 1 ـ سان

قەتلگاھ ........................ زەينەپ ئابىت ئاقىول (11)

2007 ـ يىل 2 ـ سان

ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار ........................ تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (27)

2007 ـ يىل 4 ـ سان

تېپىشماق ئويۇنى ........................ مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (19)

2008 ـ يىل 1 ـ سان

ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھالىتى ۋە تەبىئىي كۆرۈنۈشلەر بويىچە ........................ مەمتىمىن ئۇبۇلقاسىم (64)

2008 ـ يىل 3 ـ سان

لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆگۈتلىرى ........................ توپلىغۇچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى (24)

2008 ـ يىل 6 ـ سان

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى: ماخمۇت زەيدى (52)


تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7- قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى











www.uyghurkitap.com












